

# ئۆچ ئېلىشلارغا قارشى تەدبىرلەر قوللانمىسى

كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۈچۈن قوللانما

2025 - يىللىق نەشرى

International Service
for Human Rights

**خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى ھەققىدە**
خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى (ISHR) كىشىلىك ھوقۇقنى تەرغىپ قىلىش ۋە قوغداش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇستەقىل ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات. بىز بۇنى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش سىستېمىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئۆزگەرتىش بىرلەشمىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.

**تەشەككۈرنامە**
ئاپتور: مادېلىن سىنكلەير
تەرجىمان: مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ
لايىھە ۋە گرافىك: نادىيە جوۋبېرت
مۇقاۋا: ©ئالېكساندروس مىچائىلىدىس، Shutterstock

**نەشر ھوقۇقى ۋە تارقىتىش.**
نەشر ھوقۇقى© خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى.
بۇ نەشر بۇيۇمىدىكى ماتېرىياللارنى ISHR نى تولۇق ئېتىراپ قىلغان ئاساستا تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ياكى باشقا سودا خاراكتېرى بولمىغان مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆپەيتىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ISHR نى ئەسلى مەنبەسى دەپ ئېنىق ئەسكەرتكەن ئەھۋال ئاستىدا، سىز بۇ نەشر بۇيۇمىنى تور بېتىڭىزدە تارقىتالايسىز ياكى ئۇلانما قىلالايسىز. نەشر ھوقۇقى ئىگىلىرىنىڭ ئالدىن رۇخسىتىسىز بۇ نەشر بۇيۇمىنىڭ ھېچقانداق قىسمىنى سودا مەقسىتىدە كۆپەيتىشكە بولمايدۇ.

**تەشەككۈرنامە**
بۇ نەشر بۇيۇمىدىكى مەزمۇنىنىڭ بىردىنبىر مەسئۇلىيىتى ئاپتورلاردا بولۇپ، بۇ تۈرنى قوللىغۇچىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**مەسئۇلىيەتنى رەت قىلىش باياناتى**

نەشر بۇيۇمىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ISHR ئۇ ھەقتە ھېچقانداق كاپالەت بەرمەيدۇ ۋە بۇ نەشر بۇيۇمىدا ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلاردا ياكى ئىشلىتىلىشىدە يۈز بەرگەن ھەر قانداق مۇمكىن بولغان خاتالىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. سىز بايقالغان ھەر قانداق خاتالىقلارنى خۇشاللىق بىلەن تۈزىتىشكە تەييارمىز، ئەگەر بىرەر خاتالىق بايقىسىڭىز بىزگە خەۋەر قىلىڭ: information@ishr.ch

# مۇندەرىجە

## كىرىش سۆز


ISHR نىڭ تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش توغرىسىدىكى خىزمىتى ھەققىدە 2
بۇ قوللانما ھەققىدە 2


## 1- باب: كونتېكىست


1.1. قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ خاراكتېرى 5
1.2. تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ دائىرىسى 7
1.3. ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە ب د ت نىڭ ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىغا قارشى قانۇنىي مەجبۇرىيىتى 9


## 2- باب: خېيىم-خەتەرنى باھالاش


2.1. خېيىم-خەتەر ھەققىدە 12
2.2. خېيىم-خەتەرنى باھالاش: قىسقىچە تونۇشتۇرۇش 13
2.3. خېيىم-خەتەرنى كونترول قىلىش ئىستراتېگىيىسى 18


## 3- باب: ب د ت نىڭ تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشقا قايتۇرغان ئىنكاسى


3.1. كېلىشىم ئورگانلىرى 22
3.2. كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى 25
3.3. ئالاھىدە تەرتىپلەر 27
3.4. ئالىي مەمۇر 29
3.5. باش كاتىپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىكى ئومۇمىي دوكلاتى ۋە ئۆز-ئارا سۆھبەت دىئالوگى 31


## 4- باب: رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسى


4.1. ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى 35
4.2. ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى 40


## 5- باب: دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى


5.1. دۆلەت دەرىجىلىك دىپلوماتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىشى 43
5.2. دۆلەتلەرنىڭ باشقا ياردەملىرى 45


## 6- باب: ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى



# كىرىش سۆز

## ISHR نىڭ تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش ھەققىدىكى خىزمىتى ھەققىدە

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى» (ISHR) دۆلەت، خەلقئارا ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسىدا سىياسەتلەر، مېخانىزملار ۋە كېلىشىملەرنىڭ ئۆز جايىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئالدۇ ۋە بۇ خىل ئەھۋاللار يۈز بەرگەن جايدا جاۋابكارلىق مېخانىزىمىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ISHR جۈملىدىن #EndReprisals پائالىيىتى ئارقىلىق، يەنە تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىيەت ئەمەلدارلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇپ، ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. ب د ت باش كاتىپى دوكلات قىلغان ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى خاتىرىلەيدىغان #EndReprisals سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى باشقۇرىدۇ.

بۇ قوللانمىدا تىلغا ئېلىنغان ب د ت ئورگانلىرى ۋە مېخانىزملىرىنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىنگلىز، ئىسپان ۋە فرانسۇز تىللىرىدا ھەقسىز كۇرس بىلەن تەمىنلەيدىغان «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى»(ISHR) ئاكادېمىيىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

## قوللانما ھەققىدە

بۇ قوللانما ئاساسلىقى رايونلۇق ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا قارىتىلغان. ئاساسلىقى بولۇپمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى، ئافرىقا كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلق ھوقۇقى كومىسسىيەسى (ACHPR) ۋە ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى (IACHR) قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىدۇ.

مەزكۇر قوللانمىدا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بۇ سىستېمىلار بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدە دۇچ كېلىدىغان خېيىم-خەتەرلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ب د ت ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزملىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خېيىم-خەتەرلەردىن مەلۇم دەرىجىدە قوغدىنىش ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنداق قىلىش ئۇ پۈتۈنلەي ئەتراپلىق بولغان قوغداش ھەل قىلىش چارىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلمايدۇ. بارلىق ئەھۋاللاردا قوغدىغۇچىلار بىر دېلونىڭ كونتېكستى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قايسى تاللاشنىڭ ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىشى كېرەك.

ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى دىپلوماتىك ئەلچى ۋاكالەتخانىلار (5 -باب) ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار (6 -باب) ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر قىسىم تاللاشلارنى تەمىنلىگەندىن باشقا، بۇ قوللانمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاللاشلار جىسمانىي قوغداش بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. كۆپلىگەن ئەھۋاللاردا، كۆزلىگەن مەقسەت بولسا كۆرۈنۈشچانلىق ۋە ئاممىۋىلاشتۇرۇشنى ئاشۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بەزى ئالاھىدە مۇھىتتا توختىتىش، ئەيىبلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تەسىرى ئارقىلىق بەزى قوغداشلارنى تەمىنلىشى مۇمكىن. بۇ تاللاشلار خەتەرنى ئەتراپلىق باھالاش (2 -باب) ۋە بىخەتەرلىك پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىشى كېرەك. «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى» ئاكادېمىيىسى بۇ جەھەتتە تولۇق بولمىغان قوراللار تىزىملىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.




© سۈرەت: ۋىكىمېدىيە ئورتاق ھۆججەتلىرى توپلىمى

«شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى، ئەزا دۆلەتلەر ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بولغان ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش ۋە جاۋابكارلىققا تارتىشقا چاقىرىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بولغان ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشتىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى ئورتاقلىشىش ۋە بەرپا قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىمەن.»

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېررېس،
ب د ت ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە
مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، باش كاتىپنىڭ دوكلاتى
(A/HRC/57/60 132 -پاراگراف)

## 1 - باب:
# کونتیکست



ب د ت نىڭ باش كاتىپى گۇتېررېسنىڭ يېنىدىكىسى ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى باش كاتىپى ئىلزې براند كېخرىس.©سۈرەت: مانۇئېل ئېلىئاس / ب د ت سۈرىتى

## 1.1 قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ خاراكتېرى

> «دۇنيا مىقياسىدا پۈتكۈل بوشلۇقنىڭ تارىيىشىغا قارىتا كونتېكىستى، ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى توغرا خاتىرىلەش، دوكلات قىلىش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرماقتا، بۇ ئۆچ ئېلىش دېلولىرى سانىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ […] بىزگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار. شۇڭلاشقا ب د ت دا، بىز مەزكۇر تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا قارىتىلغان تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئورتاق مەسئۇلىيىتىمىزنى قەتئىي ئادا قىلىشىمىز كېرەك.»

ئىلزە براندس كېھرىس، 2023 -يىلى 9 - ئايدا خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ب د ت باش كاتىپىغا يوللىغان دوكلاتى

قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش بولسا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە باشقا پۇقرالار جەمئىيىتى خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى بىخەتەر ۋە قۇلايلىق مۇھىتقا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ھالبۇكى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك، رايونلۇق ياكى خەلقئارالىق دەرىجىلەردىكى خىزمەتلىرىدە تەھدىت، قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش ۋەقەلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

مەيلى يەرلىك تاراتقۇلىرىغا سۆزلەش، قارشىلىق نامايىشىغا قاتنىشىش، تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىش ياكى ب د ت ياكى رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىلىرىغا ئۇچۇر يوللاش ئارقىلىق بولسۇن، ھەر قانداق شارائىتتا دۆلەت ياكى باشقا كۈچلۈك ئورگانلارغا قارشى ئاۋازىنى چىقىرىش خېيىم-خەتەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. **بۇ قوللانمىدا شەخسلەرنىڭ ب د ت ياكى رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى بىلەن ھەمكارلىششى ياكى ھەمكارلىششقا ئۇرۇنۇشى نەتىجىسىدە ئۇچرىغان ئۆچ ئېلىشلار ئالاھىدە دىققەتكە ئېلىنىدۇ.**

ھۆكۈمەتلەر رايون ياكى خەلقئارالىق سەھنىدە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشنى خالىمايدۇ. نۇرغۇنلىغان تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا سىستېمىلىق پاراكەندىچىلىك قىلىش، تەھدىت سېلىش ۋە ھۇجۇم قىلىش كونتېكىستىسىدە يۈز بېرىدۇ. ئۆچ ئېلىشلارنى كۆپىنچە دۆلەتنى تەنقىتلەردىن قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ساقچى، ھەربىي ياكى بىخەتەرلىك كۈچلىرى، ياكى ئەدلىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەت ۋاكالەتچىلىرى ئېلىپ بارىدۇ. ئۆچ ئېلىشلار يەنە كۆپىنچە دۆلەتكە تەۋە بولمىغان ۋاكالەتچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، كارخانىلار، جىنايەتچىلەر گۇرۇھلىرىنىڭ ئەزالىرى ياكى قوراللىق گۇرۇھلار، بۇلارنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئازدۇر-كۆپتۇر بىۋاستە، ۋاستىلىك ياكى پۈتۈنلەي يوق بولىشى مۇمكىن.

ھوقۇقىقا دەخلى-تەرۇز قىلىش نۇرغۇن شەكىللەردە بولىدۇ، مەسىلەن: قانۇننى قوللىنىش ۋە سۇيىئىستېمال قىلىش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى جىنايى قىلمىش دەپ بېكىتىش ؛ خالىغان قانۇنىي ئەيىپلەشلەرنى قوزغىتىپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلىش؛ قوغدىغۇچىلارنىڭ پائالىيىتى ئورۇنسىز چەكلىمىگە ئۇچراش ۋە تەشكىلاتلىرى نامۇۋاپىق ھالدا تەكشۈرۈلۈش؛ توردا ياكى تور سىرتىدا نازارەت قىلىنىش ياكى تۆھمەت قىلىنىش؛ مال مۈلكىنىڭ تارتىۋېلىنىشى ياكى خالىغانچە قولغا ئېلىنىش، جىسمانىي زوراۋانلىق ۋە ئۆلۈمگە دۇچار بولۇش. جازالاشتىن باشقا، ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرى دائىم ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ دېلولارنى ئۆلچەش بىر قەدەر قىيىن، ئەمما <u>ب د ت</u>[1]، <u>ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى</u>[2] ۋە <u>ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتى</u>[3] ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرىنى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ <u>بۇ مېخانىزملارغا ئېرىشىش ۋە تولۇق قاتنىششىغا</u> كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يەتتى.

ئۆچ ئېلىشلار كۆپىنچە ئەھۋالدا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىسمۇ، ئۇلار يەنە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ رايونلۇق ياكى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە مېخانىزملىرىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىۋاتقان پەيتتە يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، جەنۋەدىكى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى بەزىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ تەھدىتى ۋە پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ۋەقەلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئەيىبلەش ۋە تەھدىتكە سالىدىغان ئاخبارات تەشۋىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا قارشى تەھدىتلەر ھۆكۈمەت مىنىستىرلىرى ۋە دۆلەت رەئىسلىرىدەك يۇقىرى قاتلاملاردىنمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ب د ت بىلەن بارغانسىرى مەۋھۇم ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇچرىشىۋاتقان بولغاچقا، بۇمۇ قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

---

1 بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى (UNGA)، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ھەمكارلىشىش» A/HRC/18/19, 2011/07/21, §69, http://bit.ly/oA14o1

2 ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى (IACHR)، «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن شەخسلەرگە قارىتىلغان ئۆچ ئېلىشنى ئەيىبلەيدۇ»، 2011/11/04, http://bit.ly/XTAt6l

3 ياۋروپا كومىتېتىنىڭ پارلامېنت مەجلىسى، «ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتى بىلەن ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى ». 1571 - نومۇرلۇق قارارى، 7§، 2007 - يىلى، http://assembly.coe.int/nw/xml/XRef/Xref-XML2HTML-en.asp?fileid=17576&lang=en



©رەسىم: ئىجادىي ئورتاق ھۆججەتلىرى توپلىمى \ پىكسابايې

## 1.2 تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ دائىرىسى[4]

2021 -يىلى،ISHR ئىسمى «EndReprisals» بولغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئېلان قىلدى، بۇ ئامباردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپى تەرىپىدىن 2010 -يىلدىن باشلاپ خاتىرىلەنگەن تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرى كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر دوكلات يېزىلغان ۋاقىتتا، سانلىق مەلۇمات ئامبىردا باش كاتىپ 2023 -يىلغىچە خاتىرىلىگەن 988 يېزىلمىلار كىرگۈزۈلگەن.

بۇلار ئىچىدە شەخس ياكى تەشكىلاتلارنىڭ نامى ئاشكارىلانغان (ناملىق دېلولار) 588 دېلو بولۇپ، نامى ئاشكارىلانمىغان شەخسلەر، گۇرۇپپىلار ياكى تەشكىلاتلارنىڭ 279 دېلوسى، 93 ئومۇمىي ئەھۋال (مەسىلەن ب د ت بىلەن ھەمكارلىششقا تەسىر كۆرسىتىدىغان يېڭى قانۇنلار) ۋە ب د ت ئاكتىپلىرىنىڭ ئالدىنئالا ئېلان قىلغان 28 باياناتىنى(مەسىلەن، پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۆلەت ۋەزىيىتى مەزگىلىدە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناملانغان دېلولار ئىچىدە، 56% تىنى ئەرلەر، 29% تىنى ئاياللار، 14% تىنى تەشكىلات دەپ بېكىتكىلى بولىدۇ (پەقەت ئاز ساندىكىلىرىنىڭ تەۋەلىكى ئېنىق ئەمەس؛ ئىككىلىك جىنسقا تەۋە بولمىغان شەخسلەر كىرگۈزۈلمىدى). 40% ئەتراپىدىكى دېلولارنىڭ ئېنىق خىزمەت تېمىسى دائىرىسى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، تېما دائىرىلىرى ئاساسلىقى پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇقلار (30%)، ئۇنىڭدىن قالسا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى (11%)، ئېتنىك ئازسانلىقلارنىڭ ھوقۇقى ياكى ئىرقچىلىق (8%)، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلار (6%)، دىنىي ئەركىنلىك (5%) ياكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى (5%) دىن ئىبارەت. ئاياللار ھەقلىرى مۇھىت ھەقلىرى ياكى بالىلار ھەقلىرى قاتارلىق باشقا تېمىلار تىلغا ئېلىنغان ناملىق دېلولارنىڭ 3% كىمۇ يەتمەيدۇ.

قىلمىش سادىر قىلغان ئەڭ ئالدىدىكى دۆلەتلەر بولسا ۋېنېزۇئېلا (74 دېلو ياكى ئەھۋال)، خىتاي ۋە بەھرەين (ھەر بىرىدە 72)، ۋېيتنام (55)، گۋاتېمالا (54)، مىسىر (51)، نىكاراگۇئا (48) ۋە ئىسرائىلىيە (45). ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا (MENA) رايونى

4 بۇ بۆلۈمدىكى سانلىق مەلۇمات ئانالىزى جانىكا سپانناگېل تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، ھەمدە جانىكانىڭ سپانناگېلنىڭ تۆۋەندىكى يازمىسىدا (2025 - يىلى) ئېلان قىلىنغان: Repressalien gegen Menschenrechtsverteidiger:innen im Umfeld der UNO – Monitoring und Massnahmen, in: Bielefeldt, H. et al. (eds.): Engagiert für die Menschenrechte, Frankfurt/M: Wochenschau Verlag, pp. 128 - 147. بۇ ئانالىز سپانناگېل 2021 - يىلى يازغان دوكلاتقا ئاساسلانغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلات ب د ت باش كاتىپىنىڭ 2010 - 2020 - يىللىرىدىكى يىللىق دوكلاتىدا خاتىرىلەنگەن 709 دېلو ياكى قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش ئەھۋاللىرىنى تەھلىل قىلغان، سپانناگېل، جانىكا (2021 - يىلى): ب د ت نىڭ ئۆچ ئېلىشقا قارىتا ھەرىكەتلىرى: تېخىمۇ چوڭ تەسىر يارىتىش»، جەنۋە: خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى، بۇ يەردىن كۆرگىلى بولىدۇ: https://ishr.ch/defenders-toolbox/resources/reprisals-ishr-launches-analysis-of-709-reprisals-cases-documented-by-the-un-secretary-general/

تاناسپسز شەكىلدە-ۋەكىللىك قىلىدۇ قىلىنغان (2010 -يىلدىن 2023 -يىلغىچە بولغان باش كاتىپنىڭ دوكلاتىدا بارلىق دېلولىلا ۋە ئەھۋاللارنىڭ 29% تى ۋە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان دېلولارنىڭ 32% تى). ئىككىنچى ئەڭ كەڭ تارالغان رايون بولسا ئاسىيا ۋە تېنچ ئوكيان (بارلىق يېزىلمىلارنىڭ 24% تى؛ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئايرىم دېلولارنىڭ 25% تى)، ئۇنىڭدىن قالسا لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دېڭىزى (ئايرىم-ئايرىم ھالدا 19% تى ۋە 27% تى)، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ( ئايرىم-ئايرىم ھالدا 13% ۋە 19% تى)، شەرقىي ياۋروپا ۋە مەركىزىي ئاسىيا (ئايرىم-ئايرىم ھالدا 9% ۋە 7% تى). غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن يېزىلمىلار بولسا بارلىق دېلولىلا ۋە ئەھۋاللارنىڭ 1% كىمۇ يەتمەيدۇ.

ب د ت بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆز دۆلىتىنىڭ سىرتىدىكى ب د ت يىغىنلىرىغا قاتناشقان (قاتنىششقا ئۇرۇنغان) ئەھۋال ئاستىدا، قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش ئەھۋاللىرى ئەڭ كۆپ دوكلات قىلىنغان (258 دېلو ياكى بارلىق دېلولارنىڭ 30% تى نامىلىق ۋە نامسىز). كېيىنكىسى 229 دېلو بولسا ئۇچۇرنىڭ يىراقتىن يەتكۈزۈلۈشى بولۇپ، ( 26%) ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئالاقىدار كىشلەر ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدە ب د ت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر بولۇپ، 189 قېتىم دوكلات قىلىنغان (22%). بارلىق خاتىرىلەنگەن دېلولارنىڭ 41 (5% تى) دە، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار ب د ت ئۇلارنىڭ دېلولىرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشنى باشتىن كەچۈرگەن.

كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ نىسپىي كۆپ قىسمىنى، يەنى 24% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ب د ت ئالاھىدە تەرتىپلىرى ( 22%)، شەرتنامە ئورگانلىرى ( 15%) ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ( 12%). يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ب د ت تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتى ۋە سىياسىي ۋەزىپىلەرگە مۇناسىۋەتلىك دېلولارمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن بولۇپ، ھازىر ئومۇمىي دېلونىڭ 10% نى ئىگىلىدى. 5% دېلولار ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى بىلەن ئالاقىلىشىش، 2% دېلو بولسا ب د ت بىخەتەرلىك كېڭەشى بىلەن ئالاقىلىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى، دۇنيا يىغىنى ياكى مۇستەقىل تەكشۈرۈش قاتارلىق باشقا مۇنبەرلەر ئېلان قىلىنغان دېلولار 2% كىمۇ يەتمەيدۇ.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، نامىلىق دېلولار بويىچە، تەھدىت ۋە قورقۇتۇش ئەڭ كۆپ دوكلات قىلىنغان ( 40%) بولۇپ، بۇنىڭغا ئۆچ ئېلىشتىن قورقۇش ئەھۋاللىرىنى بايان قىلغان دېلولارنىمۇ كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى جىنايى ئىشلار تەكشۈرۈشى ( 28%)، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆھمەت قىلىش ( 27%)، شۇنداقلا قاماق جازاسى ( 24%)، جىسمانىي ھۇجۇم ( 18%، بەش ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ساياھەت چەكلىمىسى ( 16%) دىن ئىبارەت. 14% دېلودا، ئائىلە ئەزالىرى ياكى تونۇشلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىغانلىقى ئېيتىلغان بولسا، 13% دېلودا نازارەت قىلىشقا ئۇچرىغانلىق ئىسپاتى تەمىنلەنگەن، 12% دېلودا توردا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇچرىغانلىقى، 11% دېلودا ئۆي ئاختۇرۇش ياكى مال-مۈلۈك مۇسادىرە قىلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. 10% كىمۇ يەتمىگەن دېلودا باشقا تېپتىكى دەخلە-تەرۇز قىلمىشلىرى دوكلات قىلىنغان.

.



©رەسىم: جېيان-مارربىك فېررى \ ب د ت رەسىمى

## 1.3 دۆلەتلەر ۋە ب د ت نىڭ ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى قانۇنىي مەجبۇرىيىتى

خەلقئارا قانۇندا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىك مەسىلىلىرىدە خەلقئارالىق ئورگانلارنى توسالغۇسىز زىيارەت قىلىش ۋە ئالاقە قىلىش ھوقۇقى بەلگىلەنگەن. بۇ تۈرلۈك ھوقۇق بولسا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى خەلقئارا قانۇنلاردىكى ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، ئۇيۇشۇش، يىغىلىش ۋە يۆتكىلىش ئەركىنلىكىدىن كەلگەن.[5]

خەلقئاراالىق ئورگانلارنى توسالغۇسىز زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش ھوقۇقىمۇ «ب د ت كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار خىتابنامىسى» دە[6] ئېنىق ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە بۇ ھوقۇق ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىسى ئورگانلىرىغا قوللىنىلىدىغان كونكرېت بەلگىلىمىدە قانۇنلاشتۇرۇلغان.[7]

بۇ ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇش بۇ ئورگانلارنى زىيارەت قىلىش ياكى ئالاقە قىلىشقا ئۇرۇنغانلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى قورقۇتۇش ۋە جازاغا ئۇچرىماسلىقى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار خىتابنامىسى» كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ب د ت نىڭ

---

5 2012 - يىلى، ب د ت نىڭ تىنچ يىغىلىش ۋە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى بۇ ھوقۇقلارنىڭ «ھەممە ئادەم ۋە تىزىمغا ئالدۇرغان ياكى تىزىمغا ئالدۇرمىغان ھەرقانداق ئورگانلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا» كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن «پاراكەندىچىلىك، زىيانكەشلىك، قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش» ئۇچرىشىغا مەھكۇم قىلماسلىققا چاقىردى.

6 ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شەخسلەر، گۇرۇپپىلار ۋە جەمئىيەت ئورگانلىرىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى خىتابنامىسى»، ب د ت ھۆججىتى 144/A/RES/53 نىڭ قوشۇلما ھۆججىتى، 1999 -يىلى 3 -ئاينىڭ 8 -كۈنى، c§5 ۋە 4§9 - ماددىسى، https://www.ohchr.org/sites/default/files/Documents/Issues/Defenders/Declaration/declaration.pdf

7 قاراڭ: ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى، «قىيىن-قىستاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھدىنامىسىنىڭ قوشۇمچە كېلىشىمنامىسى»، 57 / RES / A/1992 -يىلى 2002 -يىل، 15 -ماددا، https://www.ohchr.org/sites/default/files/cat-one.pdf

ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسىنىڭ ئىختىيارى كېلىشىمنامىسى»، 4/A/RES/54، 1999 -يىلى، 11 -ماددا، https://www.ohchr.org/sites/default/files/2021-08/OP_CEDAW_en.pdf

ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى، «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسىنىڭ قوشۇمچە كېلىشىمنامىسى»، 11/A/RES/63، 2008 - يىلى، -13ماددا، https://www.ohchr.org/sites/default/files/OProtocol_en.pdf

ۋە ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى، «بالىلارنىڭ ئالاقە تەرتىپى توغرىسىدىكى ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ قوشۇمچە كېلىشىمنامىسى»، 138/A/RES/66، 2011 -يىلى. 4 -ماددا، https://www.ohchr.org/sites/default/files/CTC_4-11d.pdf

كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ياكى ھەمكارلىقى، ياكى ئالاقە ياكى ھەمكارلىشىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراشتىن قوغداش ھوقۇقىنى ھەممە دۆلەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ[8].

شەخسنىڭ ھاياتى ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىگە تەھدىت سالىدىغان ئۆچ ئېلىشلاردىن خالىي بولۇش ھوقۇقىمۇ باشقا خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقى تەمىنلىگەن قوغداشنىڭ بىر تەرىپى، مەسىلەن خالىغانچە قولغا ئېلىش، تۇتۇپ تۇرۇش ياكى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، قىيناش، رەھىمسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە پەسكەش مۇئامىلىلەرنى قىلىش ۋە ھاياتىنى خالىغانچە مەھرۇم قىلىش دېگەندەك. ئۇندىن باشقا، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرى پاسپورتنى مۇسادىرە قىلىدىغان، ساياھەت قىلىشنى چەكلەيدىغان ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلىرى ياكى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋەكىللىرىنىڭ خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىشىنى توسىدىغان دۆلەتلەرنىڭ «خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى» نىڭ 12 -ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھەرىكەت ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ.[9]

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ب د ت غا توسالغۇسىز كىرىشتىكى ئورتاق مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ب د ت بىلەن بولغان ھەر قانداق ھەمكارلىق ياكى ھەمكارلىقتا ئۇرۇنۇش سەۋەبىدىن قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشلاردىن قوغداشتا ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى بار. خەلقئارا قانۇننىڭ سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ۋە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار كېڭەشى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار كومىتېتى (ECOSOC) قاتارلىق ئورگانلارمۇ بۇ مەجبۇرىيەتلەر بىلەن چەكلىنىدۇ[10].

---

8 قاراڭ: ب د ت ئومۇمىي كېڭەشى، «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلار خىتابنامىسى»، 1998 -يىل، 1§2 -، 1§9 - ۋە 2§12 -ماددىلار، https://documents.un.org/doc/undoc/gen/n99/770/89/pdf/n9977089.pdf؛ ۋە «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى خىتابنامىسى»، 25+، 4 ۋە 19 -ماددىلىرى.

9 بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، «كۆزەتكۈچى خۇلاسە: ماراكەش»، 2004، CCPR/CO/82/MAR -يىل 12 -ئاينىڭ 1 -كۈنى، 18§ -ماددا، https://www.refworld.org/policy/polrec/hrc/2004/en/178422

10 كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلار خىتابنامىسى 25+، 19 -ماددا. 1951 -يىلى 3 -ئاينىڭ 25 -كۈنى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن مىسىر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم(مەسلىھەت پىكىر) نىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ [1980 -يىلى] 90 - 89، ICJ Rep 73 -بەتلەر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇلازىمەت جەريانىدا يارىلانغانلارنىڭ تۆلەملىرى (مەسلىھەت پىكىر)»[1949 -يىلى]ئىنمۇ كۆرۈڭ، 179 ،ICJ Rep 174 -بەت. باش كاتىپ ئۆزىنىڭ يىللىق ئۆچ ئېلىش ھەققىدىكى دوكلاتىدا ECOSOC كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ مەسلىھەتچىلىك ئورنى ئۈچۈن سۇنغان ئىلتىماسلىرىنىڭ نامۇۋاپىق ۋە خالىغانچە كېچىكتۈرۈلۈشىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى» گە قاراڭ، باش كاتىپنىڭ دوكلاتى، 15-12§ ،A/HRC/33/19 -ماددىلار.

# 2 - باب:

# خېيىم-خەتەرنى باھالاش[11]

11 بىز «ئالدىنقى سەپتىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى»، «ئەركىنلىك ئۆيى»، «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى»، «خەلقئارالىق قوغداش تەشكىلاتى» قاتارلىق تەشكىلاتلاردىن مىننەتدارمىز، بىز ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى مۇھىم خىزمەتلىرىنى بۇ بۆلەكتە كۆپلەپ پايدىلاندۇق.

## 2.1 خېيىم-خەتەر ھەققىدە

> «مەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاز سانلىقلار مەسلىسى مۇنبىرىگە تەكلىپ قىلىنغاندىن [كېيىن] [...]، مەن ۋەتىنىمگە [قايتىۋاتقاندا]، مەن ب د ت غا شۇنى ئېيتىشىم كېرەك بولدىكى، تەقدىرىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم »
>
> بىر نامسىز كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى

ئەگەر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى دۇچ كەلگەن خەتەرنىڭ نەتىجىسىدە رايونلۇق ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى بىلەن ئۆچرىشىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرسا، بۇ رايونلۇق ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشىغا ئىنتايىن زىيانلىق. كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى يەرلىك كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۇچۇرلار ۋە كۆز قاراشلارنى ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، خەلقئارا ۋە رايونلۇق مېخانىزملار مۇشۇ بىلىم ۋە تەكلىپلەرگە ئاساسەن ئاقىلانە قارار چىقىرالايدۇ.

ھالبۇكى، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ب د ت ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن بىخەتەر ھەمكارلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىدە، تولىمۇ ئەپسۇسكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ شۇنچەكى قابىلىيەتسىزلىگى، قەستەن ئېتىۋارسىز قارايدىغان ياكى ئاتايىن توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئاۋازىنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئېغىر ۋە چوڭ بولغان خېيىم-خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشى كېرەككى، خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش گەرچە شۇنچىلىك مۇھىم بولسىمۇ، بۇنداق قىلىش ئۇلارنى چوڭراق خەتەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. ب د ت سىستېمىسى قارىماققا كۆزدىن يىراقتەك كۆرۈنگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتا دۇچ كېلىدىغان خېيىم-خەتەرنى تۆۋەن مۆلچەرلەش خاھىشتا بولۇشى مۇمكىن. ب د ت بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغان كىشىلەر بەزى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق مۇنبەرلەردە قانداق ئۇچۇرلارنىڭ ئاڭلىتىدىغانلىقىنى كونترول قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى پەرىقلەندۈرۈشى كېرەك، شۇڭلاشقا بۇ ھەمكارلىششقا مۇناسىۋەتلىك پوتېنتسىيال (مۇنكىنچىلىقى بار بولغان) خېيىم-خەتەرلەرنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

ISHR نىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، خېيىم-خەتەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولغان پائالىيەتلەر تۆۋەندىكىچە:

- ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزمىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى ھەققىدە توردا ۋە تور سىرتىدا تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭغا قاتنىشىش ياكى ئىلگىرى سۈرۈش؛
- ب د ت غا تاپشۇرۇلىدىغان دوكلاتنى تەييارلاش ياكى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ھەققىدىكى پائالىيەتلەرگە ساھىبخانلىق قىلىش ياكى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش؛
- ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى(جۈملىدىن ئالاھىدە تەرتىپ ۋەزىپىلىرى مەسئۇللىرى ۋە ب د ت شەرتنامە ئورگىنى ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە مەۋھۇم ياكى يۈز تۇرانە دوكلات بېرىش؛
- ب د ت ئورگانلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىگە ئۇچۇر ئەۋەتىش، بۇ بىخەتەر بولمىغان تور سۇپىلىرى ئارقىلىق يوللاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛
- ب د ت ئەمەلدارلىرىغا، جۈملىدىن ئالىي كومىسسارغا ئوچۇق خەت ياكى ئاممۇىي خەت ئەۋەتىش؛
- ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى قاتارلىق ب د ت ئاساسلىق يىغىنلىرىنىڭ ئالدىدىكى دىپلوماتىك يىغىنلارغا قاتنىشىش؛
- ئاخبارات ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا، ب د ت پائالىيەتلىرى، باياناتلىرى، جەريانلىرى ياكى مەلۇم بىر دۆلەتكە بېرىلگەن تەۋسىيەلىرىنى پايدىلانما قىلىش ياكى باشقىچە باھا بېرىش؛
- تەۋسىيەلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، ئىز قوغلاش ۋە ب د ت غا دوكلات قىلىش؛
- ب د ت ھۆججەتلىرىنى تارقىتىش ۋە تەۋسىيەلەرگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت تەشەببۇسلىرىنى باشلاشنى ئىزدىنىش؛

**تۆۋەندىكى تېكستكە كۆرە، ئۆزۈمنى ياكى باشقىلارنى داۋاملىق ئۆچ ئېلىشتىن قانداق قوغدىيالايمەن؟**

ئەگەر سىز ب د ت ياكى رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىڭىز ياكى ھەمكارلىششقا ئۇرۇنۇشىنىڭ نەتىجىسىدە ئۆچ ئېلىشلارغا دۇچ كەلسىڭىز، بۇ ھەمكارلىششنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق داۋاملىق ئۆچ ئېلىشلار خەۋپىگە دۇچ كېلىشىڭىزنى خالىشىڭىز ناتايىن.

ئەگەر سىز بۇ قوللانمىدا كۆرسىتىلگەن ھەر قانداق يوللار ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش دېلوسىنى دوكلات قىلماقچى بولسىڭىز، ئۆچ ئېلىش دېلوسىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە خاتىرىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خېيىم-خەتەرنى ھەر ۋاقىت ئويلىشىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. گەرچە ئاممۇۋىيلىقنىڭ بەلگىلىك قوغداش ئۈنۈمى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سىزنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ قويۇشى، سىزنى ۋە خىزمەتداشلىرىڭىز، شېرىكداشلىرىڭىز ياكى ئائىلە ئەزالىرىڭىز قاتارلىق سىز بىلەن چېتىلغانلارنى تېخىمۇ ئاسان زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

بۇ قوللانمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن يوللار «زىيانكەشلىك قىلماسلىق» ئۇسۇلىنى قوللاندى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئىمكانقەدەر نەزەرگە ئالدى. مەسىلەن، باش كاتىپنىڭ دوكلاتى (3.5 -بۆلۈمگە قاراڭ) تەسىرگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئېنىق رۇخستى يوق ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا، دوكلات نامسىز دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سىز ئوچۇق-ئاشكارە خاتىرىلىنىشنى خالىمىسىڭىزمۇ، دېلورىڭىزنى يوللاشنىڭ سەۋەبلىرى بار، چۈنكى بۇ ب د ت نىڭ ئۆچ ئېلىش كۆلىمى ۋە دائىرىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

## 2.2 خېيىم-خەتەرنى باھالاش: قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

بۇ باپتا ب د ت بىلەن ئۇچرىششقا مۇناسىۋەتلىك قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش خەۋپىنى باھالاش ۋە ئازايتىشنىڭ كونكرېت قەدەملىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئۈنۈملۈك بولغان خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، سىز تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىڭىز كېرەك:

- ئەتراپلىق بولغان بىر خېيىم-خەتەر باھالىمىسىنى تۈزۈپ چىقىڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كەسىپداشلىرىڭىزنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈڭ ۋە دائىم يېڭىلاپ تۇرۇڭ؛
- ئۆزىڭىز قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان خەتەر دەرىجىسىنى بەلگىلەڭ («نۆل خەتەر» سېنارىيەسىدە ئىشلەشنىڭ ئاساسەن مۇمكىن ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇڭ)؛
- تۆۋەندىكىنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەر بىلەن جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىڭىز:
  - ئاجىزلىقلىرىڭىزنى ئازايتىش ۋە
  - ئىقتىدارلىرىڭىزنى ئاشۇرۇش.

ب د ت بىلەن بولغان ھەر قانداق ھەمكارلىقنى باشلاشتىن بۇرۇن سىز ھەردائىم خېيىم-خەتەرنى باھالىشىڭىز كېرەك. خېيىم-خەتەرنى باھالاش ئارقىلىق، سىز ئۆزىڭىزگە خاس ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزغا ئاساسەن، ب د ت بىلەن ئۇچرىششتىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان تەسىر ۋە ئاقىۋەتلەرنى ئويلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. ھەممىمىزنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكى، بىز ياشاۋاتقان ياكى كەلگەن مۇھىت ۋە ئاللاقدار كۈچ دىنامىكاسىغا مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمايدىغان خېيىم-خەتەر ئارخىپىمىز بار. كۆڭۈلدىكىدەك سېنارىيەدە سىز ھېچقانداق خەتەرگە دۇچ كەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما مۇمكىن بولغان تەھدىتلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش ۋە يۈز بەرگەن تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش پىلانىڭىز بولسا، ئەھۋالىڭىز ياخشىراق بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تۇغقانلىرىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىز، شېرىكداشلىرىڭىز ۋە تەشكىلاتلىرىڭىزمۇ خەتەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن: خېيىم-خەتەرنى باھالىغاندا ئۇلارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك بولغان پوتېنتسىيال نىشان دەپ ئويلاڭ.

تۆۋەندىكى «خېيىم-خەتەر تەڭلىمىسى» بولسا سىز دۇچ كەلگەن خېيىم-خەتەرنى بايقاش، باھالاش ۋە يەڭگىللىتىشكە ياردەم بېرىدىغان قورال بولۇپ، ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلىدۇ:

$$\text{خېيىم-خەتەر} = \frac{\text{تەھدىتلەر x ئاجىزلىقلىقلار}}{\text{ئىقتىدار}}$$

تەھدىت بولسا سىزگە، تۇغقانلىرىڭىزغا، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، خىزمەتداشلىرىڭىزگە ياكى تەشكىلاتىڭىزغا قارشى ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن بولغان يامان غەرەزلىك ياكى سەلبىي ھادىسە. قانداق ھەرىكەت قوللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر تەھدىت ھەمىشە مەۋجۇت (مەسىلەن ب د ت غا كىرىش توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ب د ت سورۇنلىرىدا ۋە بىناسى ئەتراپلىرىدا سۈرەتكە تارتىلىش ياكى ئەگىشلىش، ب د ت نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش نەتىجىسىدە خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلۇش).

ئاجىزلىق بولسا سىزنى، تۇغقانلىرىڭىزنى، خىزمەتداشلىرىڭىزنى، شېرىكداشلىرىڭىز ياكى تەشكىلاتىڭىزنى تەھدىتكە دۇچار قىلىدىغان ياكى دۇچار قىلىشنىڭ ئېھتىماللىقى ياكى تەسىرىنى ئاشۇرىدىغان ھەر قانداق سەلبىي ئامىل. ئاجىزلىق بولسا سىز كۆپرەك كونترول قىلالايدىغان ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق بولىشى مۇنكىن، مەسىلەن مىجەزىڭىز ياكى شەخسىي ئالاقىلىرىڭىز ۋە سىز كونترول قىلالمايدىغان ئامىللار، مەسىلەن سىز كەلگەن دۆلەت دېگەندەكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەكسىچە، ئىقتىدار بولسا سىزنىڭ، تۇغقانلىرىڭىزنىڭ، خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ، شېرىكداشلىرىڭىزنىڭ ياكى تەشكىلاتىڭىزنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىنى ئازايتىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ئېھتىماللىقى ۋە تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدىغان ھەر قانداق ئاكتىپ ئامىللاردىن ئىبارەت.

كۆپىنچە ھاللاردا ئاجىزلىق ۋە ئىقتىدار خۇددى بىر تەڭگىنىڭ ئىككى تەرىپىدەك، سىز ئاجىزلىقىڭىزنى ھەل قىلالىسىڭىز، ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرالايسىز.

خېيىم-خەتەر تەھدىتنىڭ تەسىرى ۋە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىڭىز سەۋەبىدىن زورىيىدۇ ھەمدە سىزنىڭ ئىقتىدارلىرىڭىز سەۋەبىدىن كېمىيىدۇ.

ياخشى بولغان خېيىم-خەتەرنى باھالاش ئارقىلىق سىز تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىشالايسىز:

- سىزنىڭ دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن بولغان ھەر خىل تەھدىتلەر؛
- بۇ تەھدىتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى؛
- بۇ تەھدىتلەر يۈز بەرگەندە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى؛
- ئاجىزلىقىڭىز؛ ۋە
- سىزنىڭ بۇ تەھدىتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىڭىز.

خېيىم-خەتەرنى باھالاش ئۇچۇن ئىمكانقەدەر ئوخشىشىدىغان ئەھۋالدىكى پائالىيەتچىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا سانلىق مەلۇمات ۋە مەۋجۇت بولغان تەھدىت ئۈرنەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئوبيېكتىپ ئۇچۇرلارنى توپلاش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا كەسىپداشلىرىڭىز بىلەن مۇزاكىرە قىلىڭ، سىرتقى كۆز قاراشلارنى ئىزدەڭ (ISHR سىزگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن) ۋە ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىڭىز بىلەن تەخمىنلىرىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىڭ.

### 2.2.1 پوتېنتسيال تەھدىتلەرنى باھالاش

دۆچ كېلىشىڭىز مۇمكىن بولغان تەھدىتلەرنى باھالاش تولىمۇ مۇھىم. تەھدىتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە تەسىرگە ئاساسەن، تەھدىتلەرنى جىسمانىي تەھدىت، پسىخولوگىيىلىك تەھدىت، رەقەملىك تەھدىت، ئۇچۇرلۇق تەھدىت، نام-ئابروي تەھدىت، سىياسىي تەھدىت، مۇھىتقا ئائىت تەھدىت، پۇل-مۇئامىلە تەھدىتى، ئادەم كۈچى بايلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تەھدىت، لوگىستىكالىق (ئارقا سەپ تەمىناتى) تەھدىتى قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: رەقەملىك نازارەت قىلىش گەرچە رەقەملىك تەھدىت خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما سىزگە پسىخىكىلىق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. سىز تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىشىشىڭىز كېرەك:

| خاتىرىلەنگەن تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشلەرنىڭ تۈرلىرى (كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدىن ئاز ئۇچرايدىغان تەرتىپتە) | ئۆزىڭىزدىن سورايدىغان سوئاللار | قىلمىشكارنىڭ تىپى |
| --- | --- | --- |
| ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆچ ئېلىش تۈرلىرى (كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدىن ئاز ئۇچرايدىغان تەرتىپتە):- تەھدىت/قورقۇتۇش<br>■ تەھدىت ۋە قورقۇتۇش<br>■ تۆھمەت قىلىش<br>■ ساياھەت چەكلىمىسى<br>■ جىسمانىي ھۇجۇم<br>■ نازارەت قىلىش<br>■ تۇتۇپ تۇرۇش/تۈرمىگە سولاش<br>■ ئەيىبلەش/تەكشۈرۈش/ئەرز قىلىش<br>■ مال-مۈلۈك زىيىنى/تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش/ئاقتۇرۇش/مۇسادىرە قىلىش<br>■ ئائىلە/دوستلار/تونۇشلىرىنى نىشان قىلىش<br>■ مەمۇرىي ئۆچ ئېلىش<br>■ توردا پاراكەندىچىلىك سېلىش<br>■ ب د ت مۇتەخەسسىسى/ۋەكىلىگە ئېرىشىشنى رەت قىلىش<br>■ تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىشىشى<br>■ يوقاپ كېتىش/تۇتقۇن قىلىش<br>■ كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك ئۆچ ئېلىش<br>■ ب د ت سورۇنلىرىغا ۋە بىنالىرىغا كىرىشنى رەت قىلىش<br>■ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش/ۋىزا رەت قىلىش | ھۆكۈمىتىڭىزدە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا قارىتا ئۆچ ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىش خاتىرىسى بارمۇ ياكى ب د ت بىلەن ئۇچراشقان شەخسلەرگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆچ ئېلىش ئۈلگىلىرى بارمۇ؟ ISHR نىڭ «EndReprisals» ساندانىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.<br>■ ئۇچراشمىلىرىڭىز قانچىلىك ئاشكارا بولىدۇ؟<br>■ ھۆكۈمىتىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمدۇ؟<br>■ ھۆكۈمىتىڭىز سىز ب د ت غا ئېلىپ كىرمەكچى بولغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە نىسبەتەن ئالاھىدە سەزگۈرمۇ؟<br>■ يەرلىك/دۆلەت ئورگانلىرى بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلگىرىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ خىزمىتىگە قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟<br>■ ب د ت دىكى خىزمىتىڭىزدە ھاكىمىيەتتىكى قايسى كىشىلەر سەلبىي تەسىر ھېس قىلىشى مۇمكىن؟<br>■ سىزنى، شېرىكداشلىرىڭىزنى ياكى تۇغقانلىرىڭىزنى نىشانلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولىدا قانداق مەنبەلەر بار؟<br>■ ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھوقۇقى، پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ب د ت غا كىرىشى ۋە ب د ت نىڭ ئۆچ ئېلىشنى ھەل قىلىشتىكى رولىغا بولغان مەيدانى قانداق؟<br>■ ھۆكۈمىتىڭىز ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ئىچىدە نۆۋەتتە ئالاھىدە ھوقۇق ياكى ئىمتىيازغا ئىگىمۇ(مەسىلەن كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى دېگەندەك)؟<br>■ ئاساسلىق پايدارلار بۇ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ياكى باشقىلارنىڭ ئىلگىرىكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمىتىگە قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟<br>■ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەرنى قىلىۋاتقان باشقا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى نىشانغا ئېلىنغانمۇ؟<br>■ دۆلىتىڭىزدىكى باشقا خىزمەتداشلار ب د ت بىلەن ئۇچراشقاندا نېمىلەرنى باشتىن كەچۈردى؟ | دۆلەت ۋە دۆلەتكە قارام ئاكتىيورلار |

| خاتىرىلەنگەن تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشلەرنىڭ تۈرلىرى (كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدىن ئاز ئۇچرايدىغان تەرتىپتە) | ئۆزىڭىزدىن سورايدىغان سوئاللار | قىلمىشكارنىڭ تىپى |
|---|---|---|
| ■ تۆھمەت قىلىش/تۆھمەت قىلىش پائالىيىتى<br>■ تەھدىت/قورقۇتۇش (جۇملىدىن، «ئۆچ ئېلىنىشتىن قورقۇش»)<br>■ جىسمانىي ھۇجۇم<br>■ توردا پاراكەندىچىلىك سېلىش<br>■ مال-مۈلۈك زىيىنى/تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش/ئاقتۇرۇش/مۇسادىرە قىلىش<br>■ نازارەت قىلىش<br>■ ئائىلە/دوستلار/تونۇشلىرىنى نىشان قىلىش<br>■ ب د ت مۇتەخەسسىسى/ۋەكىلىنىڭ كىرىشىنى رەت قىلىش<br>■ يوقاپ كېتىش/تۇتقۇن قىلىش<br>■ ساياھەت چەكلىمىسى | ■ ئاخبارات، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي-دۆلەت (دۆلەتكە قارىمايدىغان) ئاكتىيورلار بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟ | غەيرىي-دۆلەت ئاكتىيورلار،<br>مەسىلەن:<br>ئاخبارات، كارخانا، غەيرىي-دۆلەت قوراللىق گۇرۇھلار |

## 2.2.2 پوتېنتسىيال تەھدىتنىڭ تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى باھالاش

بۇ جەدۋەل سىزگە تەھدىتنىڭ قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ۋە تەھدىتنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

| تەسىرى \ ئېھتىماللىقى | ئىنتايىن يۇقىرى | يۇقىرى | ئوتتۇراھال | تۆۋەن |
|---|---|---|---|---|
| ئىنتايىن يۇقىرى | | | | مەسىلەن: جەنۋەگە ئۇچۇشى چەكلىنىش |
| يۇقىرى | | مەسىلەن: ب د ت دا خۇپىيانە ئەگىشىلىش | | |
| ئوتتۇراھال | | | مەسىلەن: ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تۆھمەتكە ئۇچراش | |
| تۆۋەن | | | | |

يېتەكچى سۆزلەردە، تەھدىتنىڭ تەسىرىنى ئويلاشقاندا:

- ■ **تۆۋەن:** كىچىك مەسىلە، كۈندىلىك جەريانلار ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ ياكى ھەل قىلىنىدۇ
- ■ **ئوتتۇراھال:** بەزى قالايمىقانچىلىق ياكى زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ، ئەمما كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە نىسبەتەن مۇھىم ئەمەس
- ■ **يۇقىرى:** كەلتۈرىدىغان قالايمىقانچىلىق ياكى زىيىنى يۇقىرى، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ
- ■ **ئىنتايىن يۇقىرى:** زور زىيانلىق نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

تەھدىدنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاشقاندا:

- **تۆۋەن:** 20% كىمۇ يەتمەيدۇ (يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق)
- **ئوتتۇراھال:** 20-60% (نۇرغۇن ئامىللارغا ئاساسەن يۈز بېرىشى مۇمكىن)
- **يۇقىرى:** 60-90% (يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار)
- **ئىنتايىن يۇقىرى:** 90% تىن يۇقىرى (ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن تاشقىرى يۈز بېرىدۇ)

بىز ھەممىشە بەزى تەھدىتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قارايمىز، ياكى ئۇلارنىڭ تەسىرى ۋە ئېھتىماللىقىنى باھالايدىغان يېتەرلىك ئۇچۇرلىرىمىز يوق. بۇ خىل ئەھۋالدا، مۇمكىن بولغان رەقىبىنىڭ (مەسىلەن، دۆلەت ياكى غەيرىي-دۆۋلەت ئاكتىيور) ھەرىكىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەھدىت: ئەگەر ۋاقتىڭىز ۋە بايلىقىڭىز بولسا ھەممىدە باشقا يۇقىرى ئېھتىماللىقى ۋە يۇقىرى تەسىرى بار خەۋپكە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئويلاشقاندىن كېيىن، بارلىق چارىلەر بىلەن ئۇ ئاكتىيورلارنىڭ باشقا ھەرقانداق تەھدىتكە قارشى مۇمكىن بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.

خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش تەھدىتنى يوقىتالمايدۇ، ئەمما ئۇ ئاجىزلىقىڭىزنى ئازايتىش ۋە ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق تەھدىتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى ئازايتالايدۇ. سىزنىڭ خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش ئىستراتېگىيىڭىز ھېچ بولمىغاندا، يۇقىرى ياكى ئىنتايىن يۇقىرى تەسىرگە ئىگە بارلىق خېيىم-خەتەرلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

### 2.2.3 ئاجىزلىقلىرىڭىز ۋە ئىقتىدارلىرىڭىزنى باھالاش

سىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىڭىز رەقەملىك، ئاخباراتلىق، جىسمانىي، تەشكىلىي، قانۇنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، پسىخولوگىيىلىك، لوگىستىكالىق ياكى مالىيەۋىي جەھەتتىن بولۇشى مۇمكىن. ئاجىزلىقلىرىڭىزغا ئاساسەن، قانداق ئىقتىدارلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنى قانداق ئېرىشىشنى ياكى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.

| ئىقتىدارلار | ئاجىزلىقلار | |
|---|---|---|
| مەسىلەن: يېڭىلانغان IT؛ رەقەملىك بىخەتەرلىكى بىلىملىرى | مەسىلەن: بىخەتەر بولمىغان ئۈسكۈنىلەر؛ تور/تېلېگراف مۇلازىمىتىنى زىيارەت قىلالماسلىق؛ بىخەتەرلىك تۈزۈملىرىنىڭ ياخشى ئىجرا قىلىنماسلىقى؛ IT ۋە رەقەملىك بىخەتەرلىك بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى. | **رەقەملىك** |
| مەسىلەن: تور ۋە تور سىرتىدا سەزگۈر ئاخباراتلارنى قوغداشنىڭ يوللىرى ۋە ۋاستىلىرىغا ئىگە بولۇش؛ | مەسىلەن: ئىنتايىن سەزگۈر بولغان ئاخباراتلارغا ئىگە بولۇش. | **ئاخباراتلىق** |
| مەسىلەن: سالامەتلىكى ياخشى بولۇش؛ يېتەرلىك داۋالىنىش-كۈتۈنۈش مەنبەلىرى بولۇش. | مەسىلەن: داۋالاش شارائىتى، جۇغراپىيىلىك كونتېكست، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ساغلاملىق ياردىمىنىڭ كەمچىل بولۇشى. | **جىسمانىي** |
| مەسىلەن: ئورۇننىڭ بىخەتەرلىكى؛ يەرلىك ۋە دىپلوماتىك ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىددىي ئالاقىداشلار؛ مەۋجۇت بىخەتەرلىك پىلانى، | مەسىلەن: تەشكىلىي تۈزۈملەرنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ قانۇنىي سالاھىيەتنىڭ بولماسلىقى؛ ساغلام بولمىغان خىزمەت مۇھىتى؛ جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىنىڭ بولماسلىقى؛ ئىشخانىدا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى (كامېرا، قۇلۇپ دېگەندەك...). | **تەشكىلىي** |
| مەسىلەن: ئادۋوكاتلىرىنىڭ بولۇشى؛ قانۇن بىلىملىرى. | مەسىلەن: قانۇن بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ ئادۋوكاتنىڭ يوقلۇقى؛ نورمال بولمىغان كۆچمەنلىك سالاھىيىتى؛ ساياھەت ھۆججەتلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى. | **قانۇنىي** |
| مەسىلەن: كۆپرەك شەخسىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئېھتىياتچان ھەرىكەت قىلىش؛ ئاممىغا كۆرۈنمىچانلىقىڭىزمۇ بەلگىلىك قوغداش ئىقتىدارى بولالايدۇ؛ | مەسىلەن: مەسىلىنىڭ سەزگۈرلۈكى؛ دۆلەت تەۋەلىكى؛ سىياسىي ۋە قانۇنىي كونتېكست (چەكلەش قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ دىپلوماتىك ياكى باشقا خەلقئارالىق قوللاشنىڭ بولماسلىقى؛ ئاممىغا كۆرۈنمىچانلىقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى. | **سىياسىي** |

| ئىقتىدارلار | ئاجىزلىقلار | |
|---|---|---|
| مەسىلەن: يەردە ياكى توردا بولغان قوللاش تورىغا ئېرىشىش؛ تىل بىلىملىرى؛ تۆغقانلىرى ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش؛ | مەسىلەن: جىنس، SOGIESC (جىنسىي يۆنىلىشى، جىنسىي كىملىكى، جىنسىي ئىپادىلىنىشى ۋە جىنسىي ئالاھىدىلىكى)، ئىرقى، مىللىتى، دىنى ياكى سىز تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ياكى جەمئىيەتتىكى كەمسىتىشنىڭ باشقا سەۋەبلىرى؛ قوللاش تورىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئائىلە؛ ئائىلە ياكى جامائەت ئىچىدىكى ئىشەنچسىزلىك. | ئىجتىمائىي |
| مەسىلەن: بېسىم ۋە قورقۇنچنى كونترول قىلالايدىغان بولۇش؛ قەرەللىك ياكى داۋاملىق ھالدا، بېتەرلىك پىسخىكا جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشىش؛ ساغلاملىق ئادەتلىرى | مەسىلەن: تەشۋىشلىنىش؛ بېسىم ياكى قورقۇنچنى باشقۇرالماسلىق؛ ئاسارەتتىن كېيىنكى بېسىم قالايمىقانچىلىقى (PTSD) ۋە باشقا روھىي كېسەللىكلەر/پسىخولوگىيىلىك ئالامەتلەر؛ پسىخىكا جەھەتتىن قوللاش ۋە داۋالاشقا ئېرىشەلمەسلىك؛ تۇراقسىز كەيپىيات؛ قالايمىقان تۇرمۇش ئامىللىرى (ئائىلە، مۇناسىۋەت قاتارلىقلار) ؛ ساغلاملىق، كىملىك بەلگىسى(مەسىلەن: +LGBTQI). | پسىخولوگىيىلىك |
| مەسىلەن: زۆرۈر تېپىلغاندا سەپەرگە تەييارگەرلىك بويىچە ياردەمگە ئىگە بولالىشى | مەسىلەن: ساياھەت سۇغۇرتىسى كەمچىل بولۇشى (ئۇچۇش ۋە ياتاق) ۋىزا ئېنىقسىزلىقى | لوگىستىكالىق |
| مەسىلەن: تاسادىپىي ۋەقەلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلاردا يېتەرلىك مالىيە مەنبەسىنىڭ بولۇشى. | مەسىلەن: سىجىل كىرىم مەنبەسىنىڭ يوقلۇقى؛ جىددىي تاقابىل تۇرۇش مەبلىغىنىڭ كەم بولۇشى؛ ئىئانىگە تايىنىپ قېلىش. | مالىيەۋىي |

## 2.3 خېيىم-خەتەرنى يەڭگىللىتىش ئىستراتېگىيىسى:

خېيىم-خەتەرنى باھالاپ بولغاندىن كېيىن، شۇنى بىلىپ يېتىشىڭىز كېرەك: سىز دۇچ كېلىدىغان يوشۇرۇن تەھدىتلەر، بۇ تەھدىتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى، بۇ تەھدىتلەرنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى، بۇ تەھدىتكە بولغان ئالاھىدە ئاجىزلىقىڭىز ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىڭىز (ئالدىنى ئېلىش) ھەمدە تەھدىتلەر يۈز بەرگەندە ئۇلارغا (قوغداش) تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىڭىز. كونتېكىستىڭىزگە قاراپ، سىزنىڭ خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش ئىستراتېگىيىڭىز سىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىڭىزنى ئازايتىش، ئىقتىدارلىرىڭىزنى ئاشۇرۇش ۋە سىز ئېنىقلىغان خەتەرنى ھەل قىلىش پىلانىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

### 2.3.1 ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش:

- چوقۇم ئويلىنىپ كۆرۈڭ: قاتناشقانلىقىڭىزنى كىمگە ئۇقتۇرسىز؟ ئەگەر مەسىلە كۆرۈلسە، كىمگە خەۋەر قىلىسىز؟ ئەگەر مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇلار قانداق تەدبىر قوللىنىشى كېرەك؟
- ئەگەر سىز جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىسىڭىز ياكى قولغا ئېلىنسىڭىز ياكى قارار چىقىرالماي قالسىڭىز، قانداق قىلىش/كىم بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە كىملەرنىڭ قارار چىقىرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەر ھەققىدە تۇغقانلىرىڭىز ۋە شېرىكداشلىرىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىڭ.
- ئاجىز ئائىلە ئەزالىرىڭىز ياكى شېرىكداشلىرىڭىزنى بىخەتەر مۇھىتقا ئورۇنلاشتۇرۇڭ
- بىخەتەرلىك ئۇسكۇنىلىرى، كامېرا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.
- قولغا ئېلىنغان ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدىكى ھەق-ھوقۇقىڭىزدىن خەۋەردار بولۇڭ.
- بىر ئادۋوكاتىڭىز ياكى باشقا قانۇن كەسپىي خادىمىڭىز بولسۇن، شۇندىلا كىمدىن ياردەم تەلەپ قىلىشىڭىزنىڭ كېرەكلىكىنى بىلىسىز.
- جەنۇەگە جايلاشقان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەن سىجىل مۇناسىۋەت ئورنىتىڭ ياكى ب د ت نىڭ ئوخشىمىغان مېخانىزملىرى (مەسىلەن شەرتنامە ئورگان كومىتېتى ياكى باشقا ئالاھىدە تەرتىپ)نىڭ خىزمىتىگە بىرىم رەسمىي شەكىلدە باغلىنىڭ. ئۇلار سىزنىڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشىڭىز ۋە ۋاستىچىڭىز بولالايدۇ، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايدۇ: سىزگە

ۋاكالەتەن پۇقرالار جەمئىيىتى دوكلاتى ياكى باشقا ئۇچۇرلارنى ئەۋەتەلەيدۇ، ھەمدە ئاشكارا قاناللار ئارقىلىق جاۋاب/سوئاللارنى تاپشۇرۇۋالالايدۇ؛ جەنۋە ۋە نيۇ-يوركنىڭ سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنى يىغىن ئېچىش ياكى ئىجارىگە بېرىش بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەپ، چىقىمنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ۋە زىيارەتنى كونترول قىلىش ھوقۇقى بولمىغان ب د ت بوشلۇقىدىكى ۋاقىتنى ئازايتىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ؛ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ (تىجارىي ياكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بولسۇن) ئۈچىنچى تەرەپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ياكى كونتروللۇقىدىكى بوشلۇقلارغا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا تېخىمۇ مۇۋاپىق باھادا ياكى ئاللىقاچان پۈتۈشكەن ئالاھىدە ئەسلىھەلەر بىلەن (مەسىلەن، بەزى پائالىيەتچىلەرنىڭ تەخەللۇسلارنى ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئوخشىمىغان تىزىمغا ئالدۇرۇشنىڭ تاللاشلىرى) ئېرىشىشىگە ياردەم قىلالايدۇ.

- شىفىرلانغان قاناللار ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، كۆزىتىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەقەملىك بىخەتەرلىك-تەدبىرلەرنى قوللىنىڭ. ئەگەر سىز ياكى ھەمراھىڭىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلاردىن بىئارام بولسا، دىققەت قىلىڭكى، ب د ت بۆلۈملىرىنىڭ كۆپىنچىسى نۆۋەتتە Microsoft Teams نى ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئەمما باشقا سۇپىلارنى ئىشلىتىشتە تېخنىكىلىق توسالغۇلار ئەڭ ئاز. ھالبۇكى، خۇلق-ئادەتلەردىكى توسالغۇلار ياكى مايىللىقلار(كۆنۈپ قېلىش) بولسا باشقا سۆھبەت قوراللىرىغا قارىغاندا يېڭىش تېخىمۇ قىيىن بولغان مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. Protonmail نىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى كۈنسىرى ئاشماقتا، بولۇپمۇ نۆۋەتتە ئالاھىدە تەرتىپ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. سىز ھەردائىم شەخسىي ياكى ئورگان ھېساباتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەلەپ قىلىشىڭىز كېرەك. PGP/GPG (سانلىق مەلۇماتلارنى باشقۇرىدىغان مەخپىيلەشتۈرۈلگەن پروگراممىلار) ياكى MailVelope غا ئوخشاش مەخپىيلەشتۈرۈش قوشۇمچە دېتاللىرىنى ئىشلىتىش نىسبىتى ياكى كۈندىلىك ئىشلىتىلىش ئەھۋالى بەكلا تۆۋەن. Signal نىڭ ئىشلىتىلىشى كۈنسىرى ئاشماقتا، WhatsApp بولسا خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. ھالبۇكى، بىر قىسىم خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بۇ ئەپلەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىشتا كۆرۈنەرلىك ئىككىلىنىش بار، چۈنكى «كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى»(OHCHR) دىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كەسپىي ئۈسكۈنىلىرى يوق ھەمدە شەخسىي ئالاقە ئۈچۈرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئورتاقلىششنى خالىمايدۇ(بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ).

## 2.3.2 تەھدىت/ھۇجۇم يۈز بەرگەندە قوغداش ئارقىلىق خېيىم-خەتىرىڭىزنى يېنىكلىتىش:

بۇ قوللانمىدىكى مەسىلىڭىزنى خاتىرىلەش ۋە ب د ت غا دوكلات قىلىش تاللىشىدىن باشقا، ئەگەر تەھدىت يۈز بەرسە، ئۆزىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن باشقا ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ خېيىم-خەتەرنى باھالاش قورالى مۇكەممەل بولغان قوغداش چارىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلمايدۇ. بىز بۇ مەسىلىلەرنى ب د ت غا قاتنىشىش جەريانىدىكى بىلىمىمىز ۋە تەجرىبىمىزگە ئاساسەن تەمىنلەۋاتىمىز.

- شەخسىي ياكى ئاممىۋىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك بولار-بولماسلىقىنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.
- تەھدىت ياكى ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى يەرلىك ساقچى ياكى ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىغا (ئەگەر بۇ ۋەقە ب د ت سورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن بولسا، بۇلار يەرلىك ساقچى، مۇناسىۋەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى ئاخبارات تارماقلىرى ۋە ياكى ب د ت بىخەتەرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەلۇم قىلىڭ، ھەمدە رەسمىي ئەرز قىلىڭ ياكى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىڭ.
- ئەگەر توردا تەھدىتكە دۇچ كەلسىڭىز، مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي تاراتقۇ شىركەتلىرىگە بۇ تەھدىتلەرنى دوكلات قىلىپ، بۇ شىركەتلەرنىڭ چارە قوللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈڭ.
- ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمدە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ۋە خەلقئارالىق ئالاقىلىشىش تىزىملىكى (مەسىلەن ئەلچىخانا، ئاخبارات ئالاقىسى، جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە تەسىر كۈچى بار باشقا كىشىلەر) تەييارلاڭ.
- ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەملىكەتلىك كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيىلىرى، نازارەتچىلىرى ۋە ياكى قوغداش مېخانىزمىدىن ياردەم سوراشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.
- سىز قاتناشقان كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش تورى ياكى تەشكىلاتلارنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ، ھەمدە ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ سىزگە ۋاكالىتەن قانداق پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىشىڭ.
- خەتەر ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى\پۇقراۋىي تەشكىلاتلارغا جىددىي ياردەم بېرىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرىنى توپلاڭ، ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ئۇچۇر تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ.




©رەسىم: پىئېررې ئالبوئۇي \ ب د ت رەسمى

گەرچە، ئۆزىڭىز سىز ھەر ۋاقىت دۇچ كېلىدىغان خەتەرنى باھالىيالايدىغان ئەڭ مۇۋاپىق كىشى بولسىڭىزمۇ، ئەمما مەيلى دۆلىتىڭىزدە بولسۇن ياكى ISHR نى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق جەمئىيەتتە بولسۇن، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈنتۇپ قالماڭ. بىز داۋاملىق تىرىشىپ، سىزگە ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ب د ت بىلەن بىخەتەر ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشىغا ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلىك ھوقۇقنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغدىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز.

> «بىزنىڭ بىزگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە قارىتا مەجبۇرىيىتىمىز بار. شۇڭلاشقا ب د ت دا، بىز بۇ تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا قارىتىلغان تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئورتاق مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشنى قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇرىمىز.»[12]
>
> - ب د ت سىستېمىسى ئىچىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ب د ت بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا قارىتىلغان تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىش مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاتانغان باش كاتىپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ياردەمچىسى ۋە ئالىي مەمۇر: ئىلزې براند كېخرىس

12 كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى(OHCHR)، «دۇنيادىكى 220 دىن ئارتۇق ئادەم ۋە 25 تەشكىلات ب د ت بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىنىشقا دۇچار بولدى: يېڭى دوكلات»، ئاخبارات ئېلانى، 2023 -يىل 28 -سېنتەبىر. https://www.ohchr.org/en/press-releases/2023/09/over-220-people-and-25-organizations-worldwide-faced-reprisals-cooperating

# 3 - باب:

# ب د ت نىڭ تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشقا قايتۇرغان ئىنكاسى[13]

13 https://www.ohchr.org/en/reprisals/our-work-acts-intimidation-and-reprisals

## 3.1 كېلىشىم ئورگانلىرى

ب د ت نىڭ بىر مۇتەخەسسىسلەر ئورگانلىرى سىستېمىسى بار بولۇپ ئۇ «شەرتنامە ئورگانلىرى»[14] دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار توققۇز يادرولۇق كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ. ھەر بىر شەرتنامىگە قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ تەدبىر قوللىنىپ، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ياكى كونتروللۇقىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ شەرتنامىدە كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. ئون شەرتنامە ئورگانلىرى كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنغان ھەم لاياقەتلىك مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن نامزاتلىققا كۆرسىتىلىدۇ ۋە سايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈش مۇددىتى مۇقىم يېڭىلىنىشلى بولىدىغان تۆت يىلدۇر. شەرتنامە ئورگانلىرى ئۆزلىرىنى قۇرغان شەرتنامىلەردىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: **ھەرقايسى شەرتنامىگە قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ** شەرتنامىدىكى ھوقۇقلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى شەرھىلەيدىغان **قەرەللىك دوكلاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش**؛ شەرتنامىدىكى ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىدى دەپ دەۋا قىلغان **شەخسلەرنىڭ شەخسىي ئەرزلىرىنى ئويلىشىش**؛ شەرتنامىگە ئېغىر، ئالاھىدە ياكى سىستېمىلىق خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىنى قوزغىتىش؛ شەرتنامە ماددىلىرىنى ئىزاھلايدىغان **ئومۇمىي پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش**؛ ھەمدە شەرتنامىلەرگە مۇناسىۋەتلىك **مەخسۇس تېمىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش**.

«قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىشقا قارشى تۇرۇش كۆرسەتمىسى»(«سان جوسې كۆرسەتمىسى») نىڭ تەستىقلىشى بىلەن[15] ، 2015 -يىلى 7 -ئايدا شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ رەئىسلىرى شەرتنامە ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلارنى قورقۇتۇشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

2016 -يىلى 7 -ئايدىكى يىللىق يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىسلەر بارلىق شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ يېتەكچى پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى ھەمدە ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىنى رەئىسلەرنىڭ يىللىق يىغىنى كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.[16]

ھازىرغا قەدەر، ئون شەرتنامە ئورگانلىرىدىن توققۇزى «سان جوسېنىڭ ئۆچ ئېلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى»( San José Guidelines) نى تەستىقلىدى ياكى ماقۇللىدى. پەقەت ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى كومىتېتى (CESCR)لا بۇ كۆرسەتمىنى تەستىقلىمىدى ياكى قوللىمىدى.

«سان جوسې كۆرسەتمىسى» دە دۆلەتلەرنىڭ «قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىشنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى شۇنداقلا ئالدىنى ئېلىش، قوغداش، جاۋابكارلىقنى تەكشۈرۈش ۋە جاۋابكارلىققا كاپالەتلىك قىلىش شۇنداقلا بۇ خىل قىلمىش ياكى كامچىلىقلار سەۋەبلىكلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش بىلەن تەمىنلەش» مەسئۇلىيىتى تەكىتلەنگەن. ئۇلار يەنە شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش ئەيىبنامىلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى، شۇنداقلا خەتەر ئاستىدىكى شەخسلەر ياكى گۇرۇپپىلارنى بۇ خىل ئىشلارغا يولۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارىلەرنى قوللىنىشنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

«سان جوسې كۆرسەتمىسى» ھەر بىر شەرتنامە ئورگىنى ئۆز ئورگىنى ئىچىدە بىر **دوكلات بەرگۈچىنى ياكى ئاساسىي مەسئۇل (فوكۇس نۇقتا) تەيىنلەپ، قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىشنى مەركەز قىلغان**، ئەيىبلەشنامىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە باھالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈملەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يولغا قويۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇۋاپىق ھەرىكەت يولىنى بەلگىلەشنى نەزەردە تۇتىدۇ.

«قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» (CAT) ئۆزگىچىلىكى بولسا، ئۇلاردا ئۆچ ئېلىش ۋە ئەيىبلەشنامىلىرى بىلەن ئەھدىنامىگە قاتناشقان دۆلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە ئۇلانغان بىر تور بەت بار.[17] يەتتە شەرتنامە ئورگىنى ئۆزلىرىنىڭ تور بېتىدە دېلولارنى قانداق دوكلات قىلىش توغرىسىدىكى **كۆرسەتمە** ياكى ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلدى.[18]

---

14 https://academy.ishr.ch/learn/treaty-bodies

15 كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ رەئىسلىرى، «كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامىسى ئورگانلىرى رەئىسلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى قېتىملىق يىغىنى»، 6/HRI/MC/2015، 2015 -يىلى ئىيۇل، https://documents.un.org/doc/undoc/gen/g15/169/76/pdf/g1516976.pdf

16 كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ رەئىسلىرى، «كىشىلىك ھوقۇق شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ رەئىسلىرىنىڭ 28-قېتىملىق يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلاتى»، 270/A/71، 2016 -يىل 8 -ئاينىڭ 2 -كۈنى، http://undocs.org/A/71/270

17 http://tbinternet.ohchr.org/_layouts/TreatyBodyExternal/TBSearch.aspx?Lang=en&TreatyID=1&DocTypeID=130

18 قاراڭ: ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى؛ https://tbinternet.ohchr.org/_layouts/15/treatybodyexternal/Download.aspx?symbolno=INT/CERD/RLE/9029&Lang=en ئاياللارغا قارىتىلغان كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى، https://www.ohchr.org/sites/default/files/Documents/HRBodies/CEDAW/ReprisalsGuidelines.docx ؛ قىيىن-قىستاققا قارشى تۇرۇش كومىتېتى، http://undocs.org/CAT/C/55/2؛ بارلىق كۆچمەن ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش كومىتېتى، https://www.ohchr.org/en/treaty-bodies/cmw/reprisals؛ مېيىپلەر ھوقۇقى كومىتېتى،https://www.ohchr.org/sites/default/files/Documents/HRBodies/CRPD/ReprisalProcedure.docx؛ مەجبۇرىي غايىب بولۇش كومىتېتى، https://undocs.org/CED/C/8؛ ۋە قىيىن-قىستاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە باشقا رەھىمسىز، ئىنسانىيەتكە قارشى ياكى پەسكەش مۇئامىلىلەر ياكى جازاغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق كومىتېتى، http://undocs.org/en/CAT/OP/6/Rev.1.

## ماراكەش

2016 ـيىلى 11 ـئايدا، «قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» قارار ماقۇللاپ، ماراكەشنىڭ ئاسفارى ئەپەندىنىڭ ماراكەشكە قارشى چىقىش-دېپلوسىدا «قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» نىڭ 1 ـماددىسى ۋە 12 ـ 16 ـماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تەستىقلىدى. 2018 ـيىلى ـ7ئايدا، «قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى»-ئەھدىنامە دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ 2017 ـۋە 2018 ـيىللىرى باشتىن كەچۈرگەن ئۆچ ئېلىش ھادىسىسىگە مەركەزلەشتۇردى ۋە «ئەھدىنامە دۆلەتلىرىدىن ئاسفارى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ھەر قانداق شەكىلدىكى جازا ۋە ئۆچ ئېلىشتىن ساقلىنىشنى، ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى». ماراكەش زېمىنىغا كىرىشى چەكلەنگەن ئاسفارىنىڭ ئايالى كىلاۋدى ماڭگىن توققۇز يىلدا يولدىشىنى پەقەت بىر قېتىم كۆرەلىدى. بۇ كومىتېت يەنە ماڭگىن ۋە ئاسفارىنىڭ ئادۋوكاتى جوسېف برېخامنىڭ تېلېفونىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاش قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشتى. «قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» ئۇلارغا قارىتىلغان قوللىنىلغان قىلمىشلارنىڭ ماراكەشنى «قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» نىڭ 13 ـماددىسىغا يەنىمۇ بىر قەدەم خىلاپلىق قىلدى دەپ قارىدى، بۇ ماددىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» دە، قىيناشقا ئېلىنغانلار ئەرز-شىكايەت قىلىش ياكى دەلىل-ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن قورقۇتۇش ياكى ناچار مۇئامىلىلەردىن قوغدىنىش ھوقۇقى بار.

**ئەگەر سىز شەرتنامە ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولغاندا، ھەمكارلىشىش جەريانىدا ياكى ھەمكارلاشقاندىن كېيىن قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە ئۇچرىغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىڭىز كېرەك:**

سىز ھەمكارلاشماقچى بولغان شەرتنامە ئورگىنىنىڭ ئۆچ ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئالاقدار خادىمى ياكى دوكلات قىلغۇچى (ئەگەر بار بولسا)، ۋە ياكى مەزكۇر شەرتنامە ئورگىنىنىڭ رەئىسى [ھەر بىر شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ كاتىبات بۆلۈمىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرىنى تۆۋەندىكى تېكىست بۆلىكىدىن كۆرەلەيسىز].

سىز يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايسىز:

- ئۆچ ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئالىي مەمۇر بىلەن ئالاقىلىشىڭ: ohchr-reprisals@un.org (تۆۋەندىكى 3.4 ـبۆلۈمگە قاراڭ) ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچى خادىمى بىلەن ئالاقىلىشىڭ: hrc-sr-defenders@un.org
- دېلورىڭىزنى باش كاتىپنىڭ ئۆچ ئېلىش توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىغا يوللاڭ (تۆۋەندىكى 3.5.1 ـبۆلۈمگە قاراڭ). ئادەتتە ھەر يىلى 4 ـئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماتېرىياللارنى يوللاش تەلەپ قىلىنىدۇ ھەمدە ماتېرىياللار ohchr-reprisals@un.org غا ئەۋەتىلىشى كېرەك.
- شەرتنامە ئورگىنىغا ئايرىم مەلۇمات يوللاڭ (تۆۋەندىكى تېكىست رامكىسىغا قاراڭ)
- ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش پىروگراممىسىغا ئۇچۇر يوللاڭ (تۆۋەندىكى تېكىست رامكىسىغا قاراڭ)

### شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ باشقا قوتقۇزۇش ئۇسۇللىرى

كۆپلىگەن شەرتنامە ئورگانلىرىغا نىسبەتەن، مەزكۇر ئورگان نازارەت قىلىدىغان شەرتنامىدىكى ھوقۇقىقا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشى توغرىسىدا ئۇلار بىلەن **ئايرىم ئالاقىلاشىشىڭىز** بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر دۆلىتىڭىز ئالاقىدار ئەھدىنامىنى تەستىقلىغان، شەرتنامىنى نازارەت قىلىدىغان شەرتنامە ئورگىنىنىڭ قابىلىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان، ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى قوتقۇزۇش چارىلىرىنى قوللىنىپ بولغان بولسىڭىز، ئاندىن سىز پەقەت بۇنداق ئەرز سالاھىيىتىگە ئېرىشىسىز.[19] شەرتنامە ئورگىنىغا ئالاقە يوللاشمۇ شەرتنامە ئورگىنىنىڭ بىر دۆلەتكە **«ۋاقىتلىق تەدبىر»** قوللىنىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئېچىپ، شۇ ئارقىلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى شۇ دۆۋلەتتىن تەلەپ قىلىدۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ دۆلەتنىڭ بۇ ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان قەدەملىرى ھەققىدە كومىتېتقا دوكلات قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى (CERD)** نىڭ ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە جىددىي ھەرىكەت رەسمىيىتى بار بولۇپ، بۇ رەسمىيەت ئارقىلىق ئەھدىنامىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنىڭ قېتىم سانىنى چەكلەشكە دەرھال دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. بولۇپمۇ ئۆچ ئېلىش ئىرقچىلىق تۈسىنى ئالغاندا، ياكى بىر گۇرۇپپا ب د ت ياكى رايون دەرىجىلىك قاتلامدا ئىرق ياكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغاندا ۋە بۇ ئۇرۇنۇش نەتىجىسىدە ئۆچ ئېلىنىشقا دۇچ كەلگەندە، بۇ تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ. بۇ رەسمىيەت دۆلەت ئىچىدىكى تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىپ بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.

شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ شەخسىي ئالاقە رەسمىيىتىنى قانداق ئىشلىتىشى ۋە ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى (CERD) نىڭ ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە جىددىي ھەرىكەت رەسمىيىتى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ISHRنىڭ «ب د ت شەرتنامە ئورگانلىرى ئاددىي قوللانمىسى» غا مۇراجىئەت قىلىڭ.[20]

### شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ كاتىبات باشقارمىلىرىنىڭ ئالاقە تەپسىلاتلىرى[21]

- كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى (CCPR) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-ccpr@un.org
- ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى كومىتېتى (CESCR) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-cescr@un.org
- ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى (CERD) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-cerd@un.org
- ئاياللارغا قارىتىلغان كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى (CEDAW) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-cedaw@un.org
- قىيناشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى (CAT) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-cat@un.org
- باللار ھوقۇقى كومىتېتى (CRC) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-crc@un.org
- كۆچمەن ئىشچىلار كومىتېتى (CMW) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-cmw@un.org
- مېيىپلەر ھوقۇقى كومىتېتى (CRPD) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-crpd@un.org
- مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش مەسىلىسى كومىتېتى (CED) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-ced@un.org
- قىيناش ۋە باشقا رەھىمسىز، ئىنسانىيلىققا قارشى ياكى پەسكەش مۇئامىلىلەر ياكى جازانىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق كومىتېتى (SPT) كاتىبات باشقارمىسى: ohchr-opcat@un.org

19 مەلۇم بىر دۆلەت دەرىجىلىك دەۋا سەۋەبسىز ئۇزارتىلغاندا، ياكى قوتقۇزۇش تەدبىرلىرى تېپىلمىسا ياكى ئېنىق ئىناۋەتسىز بولسا، بۇ قائىدىدە مۇستەسنالار مەۋجۇت بولىدۇ.

20 https://ishr.ch/defenders-toolbox/resources/updated-simple-guide-to-the-un-treaty-bodies-guide-simple-sur-les-organes-de-traites-des-nations-unies/

21 https://www.ohchr.org/en/treaty-bodies/preventing-and-addressing-acts-intimidation-and-reprisal-cooperation-treaty-bodies

## 3.2 ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش (UPR) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى

> «كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، مەن يىل بويى كىشىلىق ھوقۇق كېڭىشى ۋە ئۇنىڭ مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان ياكى ھەمكارلاشقان شەخسلەرنى قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش ھەققىدىكى ئەيىبلەشلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە بۇ ئەيىبلەشلەرنى يەتكۈزۈپ بەردىم، ھەمدە ئۇ ۋەقەلەرنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوغلىشىپ كەلدىم. بىز پۈتۈنلەي قاتنىشىدىغان بوشلۇقنىڭ ھەقىقىي بىخەتەر، ئوچۇق ۋە سىغدۇرۇشچان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن بارلىق دۆلەتلەرنى زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى بىلەن ھەمكارلاشقان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىمەن».
>
> كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى(2023) نىڭ رەئىسى ۋاسلاۋ بالېكنىڭ ب د ت جوڭ يىغىنىدا قىلغان سۆزىدىن (2023 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

47 دۆلەتتىن تەركىب تاپقان «كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى»[22] بولسا ب د ت سىستېمىسىدىكى ھەممەيلەن ئۈچۈن «بارلىق كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكلەرنى قوغداشقا بولغان ئۇنىۋېرسال ھۆرمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش» كە مەسئۇل بولغان ئاساسلىق ئورگان. «كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى» نىڭ ئەگەر ئۇلار ئىشەنچلىك خېيىم-خەتەر ياكى ئۆچ ئېلىش جىنايىتى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولسا ھەرىكەتكە ئۆتۈش ھەمدە ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقان، ھەمكارلاشقان ياكى ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالايدىغان شەخسلەرنى قوغداش (ئالاھىدە تەرتىپلەر، تۈۋەندىكىگە قاراڭ) ياكى ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش جەريانى ھەققىدە قانۇنىي مەجبۇرىيىتى بار.[23] «كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى» نىڭ رەئىسى ۋە بيۇروسى ئۆز جەريانلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ دەخلىسىزلىكىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار، بولۇپمۇ ئۇ پۈتۈنلەي جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە تولۇق ۋە بىخەتەر قاتنىشىش ھوقۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندا.[24] «كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى» ياكى ئۇنىڭ مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا قارىتىلغان ھۇجۇملار پەقەت ئۇ كىشىلەرگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئورگاننىڭ ئۆزىگە قىلىنغان ھۇجۇم بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە بيۇروسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىش ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى ھەققىدە ئاغزاكى ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە قوللانغان كۆرۈنەرلىك تەدبىرلىرى يەنىلا ئاجىز. رەئىسلىك ئورنى ھەر يىلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۈنۈمى بۇ مەنسەپكە ئولتۇرغانلارنىڭ شەخسىي ۋەدىسىگە باغلىق بولۇپ قالدى، شۇڭلاشقا ئۆچ ئېلىشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ خاراكتېرى ۋە سۈپىتىمۇ ھەرخىل بولماقتا. ئۆتمۈشتە رەئىسنىڭ ئۆچ ئېلىش دېلولىرىغا ئارىلىشىشى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر قىسىم كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاشكارىلىقنى تەمىنلەش ئارقىلىق، رەئىس كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۇلارغا جەلپ قىلالايدۇ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قىلغان ياكى قىلمىغانلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتالايدۇ. بۇ ئۇلارنى قوغداشنىڭ بىر مەنبەسى بولالايدۇ.

---

22 https://academy.ishr.ch/learn/un-human-rights-council

23 «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى خىتابنامىسى» 25+، ـ19ماددا. قاراڭ: سېر نىكولاس براتزا ۋە پروفېسسور ئېگىبېرت مىجېر، «Freshfields Bruckhaus Deringer ئادوكاتچىلىق ئورنىنىڭ مەسلىھەت سوراش مېموراندومى»، ـ2014يىل ئۆكتەبىر، https://academy.ishr.ch/upload/resources_and_tools/Submission_made_on_behalf_en.pdf

24 «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى خىتابنامىسى» 25+، ـ19ماددا. قاراڭ: سېر نىكولاس براتزا ۋە پروفېسسور ئېگىبېرت مىجېر، «Freshfields Bruckhaus Deringer ئادوكاتچىلىق ئورنىنىڭ مەسلىھەت سوراش مېموراندومى»، ـ2014يىل ئۆكتەبىر، https://academy.ishr.ch/upload/resources_and_tools/Submission_made_on_behalf_en.pdf

باش كاتىپ يەنە كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ رەئىسىنى كېڭەشنىڭ 2023 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى قارارىغا ئاساسەن ئۆلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغان دېلولارنى كېڭەشكە مەلۇمات بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ.[25]

### كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى بىلەن قاچانراق ئالاقىلىشىش بىر قەدەر مۇۋاپىق؟

ھەر قانداق ۋاقىتتا قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىشنىڭ ھەممىسى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى بىلەن ئالاقىلىشىشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇ كېڭەشنىڭ **ئۇنىۋېرسال قەرەللىك** تەكشۈرۈش **ۋە ئالاھىدە تەرتىپلە**رنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مېخانىزملار ۋە تەرتىپلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (3.3 ـ بۆلۈمگە قاراڭ).

### كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى بىلەن قانداق ئالاقىلاشقىلى بولىدۇ؟

- ئەگەر سىز جەنۋەدە بولسىڭىز ھەمدە ئۆچ ئېلىشلارغا ئۇچرىغان بولسىڭىز ياكى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ مېخانىزملىرى ۋە تەرتىپلىرىنىڭ بىرىگە قاتناشقاندىن كېيىن ۋەتىنىڭىزگە قايتقاندا دۇچ كېلىدىغان خېيىم-خەتەردىن ئەنسىرىسىڭىز، **رەئىس**[26] بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىزدىنىڭ.
- رەئىسكە ئۇچۇر ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن چارە قوللىنىپ دېلورىڭىزنى ئالاقىدار دۆلەتكە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىڭ. كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمەت تىلى بولسا ئىنگلىز تىلى ۋە فرانسۇز تىلى. ئالاقىڭىزنى ئىمكانقەدەر شۇ تىللاردا ئەۋەتىشىڭىز كېرەك.
  - سىز رەئىس ئىشخانىسى بىلەن hrcpresidency@un.org ئارقىلىق ئالاقە قىلالايسىز
- سىز يەنە ئالاقىڭىزنى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىغا ohchr-hrcngo@un.org ئارقىلىق كۆچۈرۈپ يوللىسىڭىزمۇ بولىدۇ

### باشقا ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرى. سىز يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايسىز:

- ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچى خادىمى بىلەن ئالاقىلىشىڭ:
hrc-sr-defenders@un.org
- تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسى ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىدىكى ئالىي مەمۇر بىلەن ئالاقىلىشىڭ:
ohchr-reprisals@un.org
- دېلورىڭىزنى باش كاتىپنىڭ ئۆچ ئېلىش توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىغا يوللاڭ (تۆۋەندىكى 3.5.1 ـ بۆلۈمگە قاراڭ).
يوللاش ئادەتتە ھەر يىلى 5 ـ ئايدا تەلەپ قىلىنىدۇ ھەمدە تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسىغا ئەۋەتىلىشى كېرەك:
ohchr-reprisals@un.org

---

25 كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىشىش»، 24/A/HRC/RES/54،
2023 ـ يىلى 9 ـ ئاي، § ـ 13 ماددا،
https://documents.un.org/doc/undoc/gen/g23/216/01/pdf/g2321601.pdf

26 https://www.ohchr.org/en/hr-bodies/hrc/presidency

**بەھرەيىن**

2012 ـ يىلى، كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى رەئىسى بەھرەيىننىڭ ئۇنىۋېرسال قەرەللىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان بەھرەيىنلىك بىر تۈركۈم كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ دېلوسىنى قولغا ئالدى. بۇ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى جەنۋەگە ئۆز دۆلىتىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆز دۆۋلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئائىت باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوئاللىرىغا قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كەلگەن. ئەپسۇسكى، ئۇلار نەتىجىدە ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. تەھدىتكە ئائىت ئۇچۇرلار كېڭەش رەئىسىگە يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، رەئىس بىر بايانات ئېلان قىلىپ تەھدىتكە ئۇچرىغان بارلىق كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى تىزىپ چىقتى، ھەمدە شۇ ھۆكۈمەتنى بۇ كىشىلەرنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى.

## 3.3 ئالاھىدە تەرتىپلەر

كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ ئالاھىدە تەرتىپلىرى بولسا كىشىلىك ھوقۇق بويىچە مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېما ياكى دۆلەتكە خاس-نۇقتىسىدىن كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا دوكلات بېرىش ۋە مەسلىھەت بېرىش ھوقۇقى بار.[27] «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى» (OHCHR) نىڭ قوللىشى بىلەن، ئالاھىدە تەرتىپلەر دۆلەت زىيارەتلىرىنى زىممىسىغا ئالىدۇ،[28] ئايرىم دېلولار ۋە تېخىمۇ كەڭ قۇرۇلما خاراكتېرىدىكى تەشۋىشلەرنى دۆۋلەتلەرگە ۋە باشقىلارغا ئالاقىلار[29] ئەۋەتىش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇقنىڭ شۇ دۆۋلەتلەردە ۋە باشقىلاردا دەپسەندە قىلىنىشلىرى ياكى سۇئىئىستېمال قىلىنىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىش ئۈچۈن ھەرىھەت قىلىدۇ. تېما تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدۇ، مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتلىرىنى يىغىش، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش، تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاۋامنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىغا مەسلىھەت بېرىش قاتارلىقلارنى قىلىدۇ. ئالاھىدە تەرتىپلەر «كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى» گە ھەر يىلى دوكلات قىلىدۇ. ۋەزىپىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئومۇمىي يىغىنغا دوكلات بېرىشدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھوقۇقلارنى بېكىتىش ياكى ئۆزارتىش توغرىسىدىكى قارارلىرىدا بەلگىلەپ قويۇلغان.

قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇش بولسا «ئالاھىدە تەرتىپلەر» نىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ ھادىسىگە بولغان دىققەتنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ۋەزىپە مەسئۇللىرى كۆزەتكەن قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش ئەھۋاللىرى كۆنسېرى ئېشىۋاتقان بولۇپ، «ئالاھىدە تەرتىپلەر» 2015 ـ يىلى ـ 6 ئايدىكى 22 ـ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىدا ھەرىكەتنىڭ بىردەك بولغان رامكىسىنى قۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشكە قوشۇلدى.[30]

«ئالاھىدە تەرتىپلەر» نىڭ ھەرىكەت قورالى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈش، ھەرقايسى دۆلەت ۋە باشقا ئالاقىدار تەرەپلەرگە ئالاقە ئەۋەتىش قاتارلىق مەخپىي ۋە ئاشكارا ھەرىكەتلەر ؛ ب د ت نىڭ باش كاتىپى، كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ب د ت ۋەكىللىرى بىلەن بۇ ساھەدە ۋە باش شتابىدا دېلولارنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ ئاشكارا بايانات، ئاخبارات ئېلان قىلىش، كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ۋە ئومۇمىي كېڭەشكە دوكلات بېرىش ياكى بۇ ئىككى ئورگان بىلەن ئۆز-ئارا سۆھبەتلىشىش جەريانىدا دېلولارنى ئوتتۇرىغا قويۇش. «ئالاھىدە تەرتىپلەر» بۇ تاللاشلارنى ئەھۋالغا قاراپ، ھەمىشە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ۋە «زىيان يەتكۈزمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن ئويلىشىدۇ. ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، گەرچە بارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئوخشاش قورالنى ئىشلەتسىمۇ، ئەمما بەزىلىرى بۇ قوراللارنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلىتىدۇ.

ئالاھىدە تەرتىپلەرنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى[31] ئالتە ئالاھىدە تەرتىپنىڭ مەسئۇل كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ب د ت سىستېمىسى ۋە پۇقرالار جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ. ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى **ھەر يىلى ئۆچ ئېلىش مەسىلىسى ئۈچۈن بىر ئالاقىلاشقۇچىنى** تەيىنلەيدۇ، ئالاقىلاشقۇچى ئالاھىدە تەرتىپكە سۇنۇلغان بارلىق ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى ئەتراپلىق خاتىرىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى، كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى باش كاتىپى ۋە باش كاتىپقا ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ۋە ئالاقىدار مەسئۇللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى دۆلەت ياكى ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش قاتارلىق قوشۇمچە تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ. «ئالاھىدە تەرتىپ» نىڭ يىللىق

---

[27] https://academy.ishr.ch/learn/special-procedures

[28] http://www.ohchr.org/EN/HRBodies/SP/Pages/CountryandothervisitsSP.aspxn

[29] http://www.ohchr.org/EN/HRBodies/SP/Pages/Communications.aspx

[30] http://www.ohchr.org/EN/HRBodies/SP/Pages/Actsofintimidationandreprisal.aspx

[31] http://www.ohchr.org/EN/HRBodies/SP/CoordinationCommittee/Pages/CCSpecialProceduresIndex.aspx

دوكلاتىدا[32] ئۆچ ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم بار بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئۆتكەن بىر يىلدىكى ۋەزىپىدارلارنىڭ ئاساسلىق ئەندىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللانغان ھەرىكەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**ختاي**

2024 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ب د ت ئالاھىدە تەرتىپلىرى» مۇتەخەسسىسلىرى ئۇلارنىڭ ختاي كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى ساۋ شۈنلىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى 2014 ـ ۋە 2019 ـ يىللىق «تولۇق ۋە ئادىل تەكشۈرۈش» چاقىرىقىنى يېڭىلىدى. «پوتېنتسىئال (مۇمكىنچىلىكى بولغان) قانۇنسىز ئۆلۈمنى توغرا تەكشۈرەلمەسلىك بەلكىم ياشاش ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولۇشى مۇمكىن». مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئەپسۇسلىنارلىقى، ختاي دائىرىلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار ۋە ب د ت بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە ھەمكارلىششنى خالايدىغان كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى كۈچەيتتى». ساۋ شۈنلى 2014 ـيىلى قاماقتا قىيىن-قىستاققا ئۇچراپ، يېتەرلىك داۋالىنىشقا ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ «ختاينىڭ ئۇنىۋېرسال قەرەللىك تەكشۈرۈشى» (UPR) يىغىنىدىن بۇرۇن جەنۋەگە بېرىشكە ۋە يىغىنغا قاتنىششقا ئۇرۇنغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇ ھېلىھەم ب د ت سىستېمىسى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ئەڭ ۋەكىللىك ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ بىرى.

**ئەگەر سىز «ئالاھىدە تەرتىپلەر» بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولغاندا، ھەمكارلاشقاندا ياكى ھەمكارلاشقاندىن كېيىن قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە ئۇچرىغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا ئالاقىلىشىڭ:**

مۇناسىۋەتلىك تېما ياكى دۆلەتكە خاس ۋەزىپىدار (سىز يەنە ئالاقە ئۇچۇن تور ئالاقە ئۇچۇن توردا سوئاللارنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ).

سىز يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايسىز:

- ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچى خادىمى بىلەن ئالاقىلىشىڭ: hrc-sr-defenders@un.org
- تۆۋەندىكى ئېلخەت ئارقىلىق ئالىي مەمۇر بىلەن ئالاقىلىشىڭ: ohchr-reprisals@un.org
- تۆۋەندىكى ئېلخەت ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ:hrc presidency@unog.org ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسىنى ohchr-hrc ngo@un.org غىمۇ بىر كوپىيە ئەۋەتىڭ(cc قىلىڭ).
- باش كاتىپنىڭ ئۆچ ئېلىش توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىغا دېلورىڭىزنى يوللاڭ (3.5.1 ـ بۆلۈمگە قاراڭ). ئادەتتە ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېلونى يوللاشنى تەلەپ قىلىنىدۇ ھەمدە ohchr-reprisals@un.org غا ئەۋەتىلىشى كېرەك.

32 http://www.ohchr.org/EN/HRBodies/SP/Pages/Annualreports.aspx

## 3.4 ئالىي مەمۇر

2016 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئەينى ۋاقىتتىكى باش كاتىپ بان كىمون دوكلات قىلىنغان قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ شىددەتلىك كۆپىيىشىدىن ھەيران قالغان ھەمدە ب د ت سىستېمىسى ئىچىدىكى تىرىشچانلىقلارغا رەھبەرلىك قىلدۇرۇش، ب د ت بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ھەمكارلاشقانلارنى قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى باش كاتىپنى بىر ئالىي مەمۇر قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ تەيىنلەش پۇقرالار جەمئىيەتلەر شۇنداقلا دۆلەتلەرنىڭ يادرولۇق گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.[33] ھازىرقى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ياردەمچى باش كاتىپى يولسا ئىلزە بىرەندىس كېھرىس.[34]

بۇ ئىقتىدار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى بىر تەرەپ قىلىش مېخانىزمىغا بولغان بىر تولۇقلاش بولۇپ، باشقا ئورگان ۋە مېخانىزملارنىڭ تۈزۈملىرىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتىنى ھەرگىزمۇ ئازايتمايدۇ ھەمدە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ، تەكشۈرىدۇ ۋە تۈزىتىدۇ. ئۇ ب د ت نىڭ چوڭ ئائىلىسى(مەسىلەن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى ۋە دۇنيا بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ب د ت نىڭ بارلىق ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى) گە مۇناسىۋەتلىك قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشنىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. ئەمما ئۇ رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزملارى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مەزمۇندىكى قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئالىي مەمۇر ئاساسلىقى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ۋە ھەل قىلالايدىغان مۇمكىنچىلىكى بار كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئۇچرىشىش ئارقىلىق بۇ خىزمەتنى ئورۇندايدۇ. بۇ ئالىي مەمۇر يەنە نۇتۇق ۋە باياناتلىرىدا ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش ۋە ب د ت نىڭ باشقا ئورگانلىرىنى ئۆچ ئېلىشقا قارشى نۆل بەرداشلىق تۈزۈمىنى قوللىنىشقا ئىلھاملاندۇردى.

باش كاتىپ ياردەمچىسى بىر ئەيىبلەشنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقمىسىمۇ، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مەخپىي خەت ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئىككى تەرەپلىك يىغىن ئۆتكۈزىدۇ.[35] ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا يازغان بۇ خەتلەر ۋە يىغىنلار ھۆكۈمەتنى ئەيىبلەنگەن دېلو ياكى قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش ئۆرنەكلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا كۆندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەمدە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ ئەيىبلەشلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

### ۋېنېزۇئېلا

ۋېنېزۇئېلادىكى خەلقئارالىق پاكىتلارنى تەكشۈرۈش مۇستەقىل ئۆمىكى 2023 ـيىللىق دوكلاتىدا، فرانكلىن كالدېرا كوردېرو ئەپەندىنىڭ 2021 ـيىلدىن بىرى ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراش ئەيىبلەشلىرىنى دوكلات قىلدى، سەۋەبى بولسا، ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن ئوغلى لېيتېنانت فرانكلىن كالدېرا ئورتىزنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ھەمكارلاشقان. كالدېرا كوردېرو ئەپەندى بولسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار كومىتېتى »لىبېرتاد S.O.S ئائىلىسى«(Familia S.O.S Libertad) نىڭ كوردىناتورى، بۇ كومىتېت كالدېرا ئەپەندىنىڭ ئوغلى « قۇتۇپ نۇرى ھەرىكىتى» ( A/HRC/54/ CRP.8, دېلو 28، پاراگ. 835–845 ) ناملىق ھەربىي بازىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىگە قاتناشقان دەپ قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قۇرۇلغان (A/HRC/54/CRP.8  28ـدېلو، 845ـ835 بۆلەك). 2021 ـيىلى ۋە 2022 ـيىللىرى «ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» دوكلاتنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كالدېرا كوردېرو ئەپەندى جىسمانىي جەھەتتىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ھەمدە ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە قىلىنغان ئۆلۈم تەھدىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نامسىز تەھدىت تېلېفونلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەھدىتلەر ئۇ 2023 ـيىلى 1 ـئايدا كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى بىلەن كۆرۈشۈشكە قاتناشقان ۋە 2023 ـيىلى 3 ـئايدىكى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىنمۇ يۈز بەرگەن (A/HRC/54/CRP.8  28 ـدېلو، 845ـ835 ـبۆلۈملەر). ئامېرىكا ئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى 2023 ـيىلى 7 ـئايدا كالدېرا كوردېرو ئەپەندىگە قارىتا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ۋە تۇغقانلىرىڭ ئۇنىڭ ب د ت ۋەكىللىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى مېخانىزملىرى. بىلەن ئوچۇق-ئاشكارە ئۇچراشقان، تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇچرىغان تەھدىتلىرىنى تىلغا ئېلىشتى.

---

33 https://ishr.ch/latest-updates/reprisals-high-level-un-official-should-ensure-access-victims-and-accountability-perpetrators/

34 https://www.un.org/sg/en/content/profiles/ilze-brands-kehris

35 مەزكۇر تېكىستنى يېزىۋاتقان ۋاقىتقىچە، مەزكۇر ئالىي مەمۇر بۇنى پەقەت بىر قېتىملا قىلىپ باققان، يەنى ـ2017يىلى ـ9ئايدا كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئۆچ ئېلىش ھەققىدىكى دوكلاتنى سۇنغاندا، ئۇ مىسىر ۋە بەھرەيندىكى ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ باياناتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى بۇ يەردىن تاپقىلى بولىدۇ: https://extranet.ohchr.org/sites/hrc/HRCSessions/HRCDocuments/16/OTH/OTH_272_56_416d12d8_bfb7_4c28_9244_5bd5036fff5f.docx (ئىشلەتكۈچى نامى: hrc extranet، پارول: 1session)

## يارده‌مچى باش كاتىپقا دېلونى قانداق يوللايمىز؟

تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار بىلەن ohchr-reprisals@un.org غا ئېلخەت ئەۋەتىڭ:

- بۇ ئەھۋالنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ب د ت بىلەن بولغان ھەمكارلىقى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتى بارلىقىنى تەسۋىرلەڭ.
- دېلونى تەسۋىرلەپ بېرىڭ: كىم؟ قاچان؟ نەدە؟ نېمە؟ قانداق؟ ئەيىبلەنگۈچى (جىنايەتچىلەر) كىم؟ بىرەر ئىسپات ياكى ھۆججەت بارمۇ؟
- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى ئائىلە ئەزالىرى/قانۇنىي ۋەكىلى بۇ دېلونى ئالاقىدار دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا ياكى ب د ت ئورۇنلىرىغا مۇمكىن بولغان چارە قىلىش ئۈچۈن ئورتاقلىششقا قوشۇلامدۇ؟(ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان يېغىن، خەت-چەك، ئاممىۋي دوكلات قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلگەن ئۇچۇرلار دېگەندەك)
- ئەگەر ھەرقانداق دۆلەت، رايون ياكى باشقا خەلقئارالىق ئورگانلارغا ئەرز تاپشۇرۇلغان بولسا، تەپسىلاتلارنى تەمىنلەشنىڭ پايدىسى بار، ئەمما بۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى چارىلەرنى تۈگىتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ ياكى دېلولارنى ب د ت نىڭ باشقا ئورگانلىرىغا ياكى مېخانىزملىرىغا بىرلا ۋاقىتتا تاپشۇرسا بولمايدۇ دېگەن تەلەپمۇ يوق.

## بىر دېلونى تاپشۇرغاندىن كېيىن سىز قانداق نەتىجىگە ئېرىشىسىز؟

- دېلورىڭىزنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، دېلونىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە قاراپ چىقىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى جەزىملەشتۈرۈشنامىگە ئېرىشىسىز.
- ئەگەر ئالىي مەمۇر سىزنىڭ دېلورىڭىزغا ئاساسەن ئىش كۆرۈشنى قارار قىلسا، سىزگە خەۋەر قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىش كۆرمەسلىكنى قارار قىلسا، سىز باشقا ھېچقانداق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالمايسىز.
- ئالىي مەمۇر ئەلۋەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا كۆرۈلگەن چارىلەر توغرىسىدا سىستېمىلىق يىغىلىقلارنى يەتكۈزۈپ تۇرمايدۇ. ئەگەشمە ھەركەت ۋە نازارەت ئۈچۈن دېلولار بەلكىم ب د ت-ھۆزۈرلىرىغا ھاۋالە قىلىنىشى مۇمكىن.
- ئالىي مەمۇر ئەۋەتىدىغان ئالاقىلەر مەخپىي بولىدۇ. بۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن ئورتاقلىشىلمايدۇ.
- ئالىي مەمۇر دېلوغا ئۆزى چارە كۆرۈنۈشنى قارار قىلالايدۇ ياكى ئۇنى باشقا مېخانىزم ياكى ئورگانغا ھاۋالە قىلالايدۇ. ئالىي مەمۇر ئادەتتە ب د ت نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھەمكارلاشقان ياكى ھەمكارلىششنى تەلەپ قىلغان ئورگانلارغا) بۇ ئەرزنى ئۇقتۇرىدۇ. ئادەتتە، ب د ت نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنى ھەر قانداق ئۆچ ئېلىش ئەيىبلەشلىرىگە «بىرىنچى ئىنكاس قايتۇرغۇچى» بولۇشى كېرەك، ئەمما بۇ ئالىي مەمۇرنىڭ ھوقۇقىقا دەخلى-تەرىز قىلىش-ئۆرنەكلىرىنى(شەكىللىرىنى)، ئېغىر ياكى جىددىي دېلو يۈز بەرگەندە باشقا مېخانىزملار بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىشنى چەكلىمەيدۇ

## بىر نەچچە ئورگان ياكى مېخانىزمغا دېلو مەلۇم قىلىشنىڭ پايدىسى بارمۇ؟

ئوخشىمىغان بىر نەچچە ئورگانلار ياكى مېخانىزملارغا دېلو مەلۇم قىلىش شۇ دېلونىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سەھۋەنلىكىگە بولغان دىققىتىنى ئاشۇرالايدۇ. ئۇ يەنە ئالىي مەمۇرنىڭ پۈتكۈل ب د ت سىستېمىسىنىڭ ئۆچ ئېلىشقا كەڭ ئىنكاس قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

## 3.5 باش كاتىپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى ئومۇمىي دوكلاتى ۋە ئىنتېراكتىپ دىئالوگى

### 3.5.1. باش كاتىپنىڭ «ئۆچ ئېلىشلار دوكلاتى»

كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 12/2 -نومۇرلۇق قارارىدا[36] باش كاتىپنى ھەر يىلى مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردىن ئەيىبلەنگەن ئۆچ ئېلىشلار، شۇنداقلا قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەۋسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە ئانالىز قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىللىق دوكلاتنى كېڭەشكە تاپشۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش بەلگىلەندى. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرىنىڭ ھەمكارلىقى» ناملىق بۇ دوكلات «ئۆچ ئېلىشلار دوكلاتى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، 1991 -يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. مەزكۇر تېكىست يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتىكى ئەڭ يېڭى دوكلاتتا (2024 -يىلى) باش كاتىپ دوكلات قىلىپ، بۇ مەزگىلدە دۆلەت ۋە غەيرىي-دۆلەت ئاكتىيورلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغان ياكى ھەمكارلاشقان شەخس ياكى گۇرۇپپىلارغا قارىتىلغان تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىنىڭ سانىنىڭ يەنىلا يۇقىرى بولغانلىقىنى قەيت قىلدى. گەرچە ئالدىنقى يىللاردىكى دوكلاتلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ دوكلاتتا كىرگۈزۈلگەن ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سانى ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۆۋەنلەش ھەرگىزمۇ ئىجابىي تەرەققىياتنى كۆرسەتمەيدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەن بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قوغداشقا بولغان قاتتىق ئەندىشىلەر سەۋەبىدىن دەلىل-ئىسپاتلىرى بار بىر قىسىم ئەزا دۆلەتلەر دوكلاتقا كىرگۈزۈلمىگەن.[37]

باش كاتىپقا بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئۆچ ئېلىشلار دوكلاتى پۈتكۈل ب د ت بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق ب د ت ئورگانلىرى، مۇئەسسەسەلىرى ياكى ئاگېنتلىقلىرى بىلەن ھەمكارلىششقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئورۇنلار بولسا: ب د ت باش شتابى، دۆلەت ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە تىنچلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى، ئومۇمىي يىغىن، كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، بىخەتەرلىك كېڭىشى، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي كېڭىشى (ECOSOC)، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى/خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، شۇنداقلا ب د ت نىڭ سودا، تەرەققىيات ۋە مۇھىت مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇچرىششلىرى ۋە يىغىنلىرى. دوكلاتتا ھازىر كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچىسىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

بۇ دوكلات ئەتراپلىق ئەمەس. دېلولارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىغا دوكلات قىلىنمىغان، سەۋەبى بولسا بۇ دوكلاتقا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى تېخىمۇ كۆپ ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراشتىن ئەنسىرەشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، باش كاتىپ 2024 -يىللىق دوكلاتتا، كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە ب د ت بىلەن ھەمكارلاشماسلىقنى تاللاش، شۇنداقلا ئۆچ ئېلىشتىن قورقۇش سەۋەبىدىن نام-شەرىپىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەمكارلىشش مەسىلىلىرى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ئەھۋال ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. باش كاتىپ ھەمكارلاشماسلىقنى تاللاشنىڭ ئەيىبلەش ھۆججىتىگە مېتودولوگىيەلىك خىرىس ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ھەمدە نامەلۇم ۋە تەپسىلىي دوكلات قىلىنمىغان ئەھۋاللارنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى، بىر قانچە يېڭى دېلولاردا، شەخس ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ ب د ت غا ئالاقىلىششنى ياكى كۆرۈشۈشنى ياكى ئۇچۇر يوللاشنى رەت قىلغانلىقىنى، باشقا ئەھۋاللاردا ئۇلار ھەمكارلىشش ئۇچۇن يېپىق ياكى مەخپىي بوشلۇقلارنى (ئورۇنلارنى) تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.[38]

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بەزى دېلولار ئىزاھات بېرىلمەيلا دوكلاتتىن چۈشۈرۈپ قويۇلغان. «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى» تەشكىلاتى(ISHR) بىر قىسىم تەسىر كۈچكە ئىگە دۆلەتلەر، ب د ت ئورگانلىرىغا چېتىشلىق دېلولار ۋە ب د ت مۇتەخەسسىسلىرىگە قارىتىلغان دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ خىل بىر قانچە چۈشۈپ قالغان دېلولارنى ھۆججەتلەشتۈردى، «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى» تەشكىلاتى(ISHR) بۇ دېلولارنى ب د ت بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا قارىتىلغان ئۆچ ئېلىشلار ئېنىقلىمىسىغا كىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

---

[36] كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى»، 2/A/HRC/RES/12، 2009 -يىل 12 -ئۆكتەبىر، http://ap.ohchr.org/documents/E/HRC/resolutions/A_HRC_RES_12_2.pdf

[37] كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىق»، 60/A/HRC/57، 2024 -يىلى 12 -ئۆكتەبىر، §112، https://documents.un.org/doc/undoc/gen/g24/140/78/pdf/g2414078.pdf

[38] كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىق»، 60/A/HRC/57، 2024 -يىلى 12 -ئۆكتەبىر، §119، https://documents.un.org/doc/undoc/gen/g24/140/78/pdf/g2414078.pdf

دوكلات بولسا قوغداش مېخانىزمى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى دېلولارنى ھۆججەتلەشتۈرۈش ۋە دوكلات قىلىش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ-ئاساسى سۈپىتىدە، ھەيۋە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ ھەمدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تەدبىر قوللىنىپ دېلولارنى ھەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ. دوكلاتنىڭ بۇ تەرىپى 2018 -يىلدىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس ئىنتېراكتىۋ دىئالوگ ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيدى (تۆۋەندىكى 3.5.2 گە قاراڭ).

**باش كاتىپنىڭ ئۆچ ئېلىش دوكلاتىغا بىر دېلونى قانداق يوللاش كېرەك؟**

تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار ئارقىلىق ohchr-reprisals@un.org بىلەن ئالاقىلىشىڭ. گەرچە دېلونى ھەر ۋاقىت ئەۋەتكىلى بولسىمۇ، كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 9 -ئايدىكى يىغىنىغا سۇنۇلىدىغان دوكلاتىغا ئۈلگۈرۈشى ئۈچۈن، «ئۆچ ئېلىشلار دوكلاتى» ئادەتتە ھەر يىلى 4 -ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ-پىكىرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ:

- بۇ ئەھۋالنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ب د ت بىلەن بولغان ھەمكارلىقى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى تەسۋىرلەڭ.
- ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ بېرىڭ: كىم؟ قاچان؟ نەدە؟ نېمە؟ قانداق؟ ئەيىبلەنگۈچى (ئىش تېرىغانلار) كىملەر؟ بىرەر ئىسپات ياكى ھۆججەت بارمۇ؟
- بۇ ئەيىبلەشكە ھۆكۈمەت بىرەر ئىنكاس قايتۇردىمۇ؟
- ب د ت نىڭ ھۆججەتلىرىدە بۇ ئەھۋال تىلغا ئېلىنغانمۇ؟ (نەقىل كەلتۈرۈش)
- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى/قانۇني ۋەكىللىرى ئۇچۇرنىڭ دوكلاتقا قوشۇلۇشىغا ماقۇل بولدىمۇ؟ شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، ھەرىكەتتىن بۇرۇن ماقۇللۇق بېرىلگەن تەقدىردىمۇ بۇ يەنىلا زۆرۈر، مىسال: خەتچەككە ئوخشاش.
- تاپشۇرىلىۋاتقان ئۇچۇرلار داۋاملىشىۋاتقان دېلو ياكى ب د ت نىڭ ئىلگىرىكى دوكلاتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېلونىڭ ئەگەشمىسى/يېڭىلانمىسى/راۋاجلىنىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

## 3.5.2 كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى ئىنتېراكتىۋ دىئالوگ

> «كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە پۈتكۈل ب د ت سىستېمىسى داۋاملىق ھالدا قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىغا قەتئىي يول قويماسلىق توغرىسىدا ئېنىق سىگنال ئەۋەتىشى ھەمدە ھەرىكەتلىنىپ بۇ مەسىلىنى قەتئىي ھەل قىلىشى ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشى كېرەك. بىز ئەزا دۆلەتلەر قۇرغان ھوقۇقلارغا ئاساسەن، بىز بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلارنى تېخىمۇ ياخشى قوللىشىمىز، ھوقۇقلاندۇرىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز كېرەك.»
>
> كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ياردەمچى باش كاتىپى ئىلزي براند كېخرىسنىڭ 2022 -يىلدىكى باش كاتىپنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ھەمكارلىق مېخانىزملىرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ھەققىدىكى ئاغزاكى تونۇشتۇرۇشى.

كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ «ئۆچ ئېلىشلار دوكلاتى» دىكى دېلولارنى مۇزاكىرە قىلىشى دوكلات سۇنۇلغان سېنتەبىردىكى يىغىندا مەخسۇس ئىنتېراكتىۋ دىئالوگىنىڭ بارلىقتا كېلىشى بىلەن تېخىمۇ سىستېمىلىق بولدى.[39] 2018 -يىلدىن باشلاپ بۇ دىئالوگ ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كونتېكىستتە ئايرىم-ئايرىم دېلولارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايدىغان دۆلەتلەر ئاز بولغان بولسىمۇ، ئەمما بارا-بارا كۆپىيىۋاتىدۇ، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ ھەر يىلى 3 -ئايدىكى يىغىنىدا ۋە ئومۇمىي يىغىن ئۈچىنچى كومىتېتى مەزگىلىدىكى 5 -ماددا مۇنازىرىسى جەريانىدا بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، كۆپىنچە دۆلەتلەر دوكلاتتىكى ئۆچۈرلارنى ئىشلىتىپ باشقا دۆلەتلەرنى ئۈنۈملۈك جاۋابكارلىققا تارتمايۋاتىدۇ.

ب د ت كونتېكىستىدە دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، بەزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆچ ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇشتىكى رولىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەك. قايسى دۆلەتلەرنىڭ بەلكىم سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى جەزملەشتۈرۈڭ.

### 3.5.3 ئىلگىرى مەلۇم قىلىنغان دېلولار ھەققىدە ئەگەشمە ئۇچۇر يوللاش

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئۆچ ئېلىش دوكلاتى ئىلگىرىكى دوكلاتلارغا كىرگۈزۈلگەن دېلولارغا مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. دوكلات تاپشۇرۇشقا چاقىرىق قىلىنغاندا، «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى» قوشۇمچە ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ يۈز بەرگەن-بەرمىگەنلىكى شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى دوكلاتلارغا كىرگۈزۈلگەن دېلولارغا قارىتا تەدبىر قوللانغان-ئالمىغانلىقى قاتارلىق ئەگەشمە ئۇچۇرلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

«كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى» نىڭ ئۆزى سىستېمىلىق ئۇسۇلدا ئەگەشمە ئۇچۇرلارنى ئىزدىمەيدۇ. ئەپسۇسكى، مەلۇم بىر دېلو ھەل قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىر ياكى بىر نەچچە يىل دوكلاتقا كىرگۈزۈلۈپ، كېيىنكى بىر قانچە يىلدىن قايتىدىن كىرگۈزۈلمەسلىك ئەھۋالى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەشمە ئۇچۇرلارنى بىۋاستە «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى» غا يوللاش بولسا «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى» نىڭ ئۆچ ئېلىش دوكلاتىدا تەمىنلەيدىغان ئۇچۇرلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

**ئەگەشمە ئۇچۇر يوللاش**

ئەگەر سىز مەلۇم قىلىنغان دېلو بىلەن تونۇش بولسىڭىز ھەمدە «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى» بىلەن دېلونىڭ ئۆزى ھەققىدە بولسۇن، ۋە ياكى ھۆكۈمەت ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ بۇ دېلونى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ياكى قوللانمىغان قەدەملىرى ھەققىدىكى ئورتاقلىشىدىغان ئەگەشمە ئۇچۇرلىرىڭىز بولسا، ئۇنى «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى» غا ohchr-reprisals@un.org دېگەن ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىسىڭىز بولىدۇ. سىز تىلغا ئالغان دېلونى دوكلات نومۇرى ۋە ئابزاس نومۇرى بىلەن ئىزاھاتلىنىشىڭىز لازىم.

39 كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە مېخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىق»، 21/A/HRC/RES/36، 2017 -يىلى 29 -سېنتەبىر، http://undocs.org/A/HRC/RES/36/2

2017 -يىلى 9 -ئايدا كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ 36/21 -نومۇرلۇق قارارىدا باش كاتىپنىڭ دوكلاتنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆز-ئارالىق دىيالوگ ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق دوكلاتقا يېتەرلىك دىققەتنى جەلپ قىلىش، ھەمدە ياخشى تەجرىبە، خىرىس ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئورتاقلىشىش كېرەكلىكى قارار قىلىندى.

# 4. باب: رايونلۇق كىشىلىك هوقۇق ئورگانلىرىنىڭ تەھدىت سېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشلارغا قايتۇرغان ئىنكاسى




©رەسىم: Flickr

## 4.1 ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى

ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا كەلسەك، ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى (IACHR) نىڭ تەرتىپ قائىدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى دۆلەتلەر «ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان ياكى ئىسپات ئاڭلاش جەريانىدا كومىسسىيەگە ھەر قانداق ئۇچۇر، گۇۋاھلىق ياكى ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدىغان بارلىق كىشىلەرگە زۆرۈر كېپىللىك بېرىدۇ»، ھەمدە «دۆلەتلەر گۇۋاچىلارنى ياكى مۇتەخەسسىسلەرنى جىنائىي جاۋابكارلىققا تارتماسلىقى، ئۇلارغا ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلىرىگە كومىسسىيە ئالدىدا بەرگەن بايانلىرى ياكى مۇتەخەسسىس خۇلاسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۆچ ئالماسلىقى كېرەك.» [40]

ئۇندىن باشقا، «**نەق مەيداننى كۆزىتىش**» كە قارىتا، تەرتىپ قائىدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «نەق مەيداننى كۆزىتىشكە تەكلىپنامە سۇنۇش ياكى ئۇنىڭغا قوشۇلۇشتا، دۆلەت ئالاھىدە كومىسسىيەگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بارلىق زۆرۈر ئەسلىھەلەرنى تەمىنلەيدۇ. بولۇپمۇ، ئالاھىدە كومىسسىيە بىلەن ھەمكارلاشقان ياكى ئۇچۇر ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن ھەرقانداق شەخس ياكى ئورۇنلارغا قارىتا ھەر قانداق ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى قوللانماسلىق مەجبۇرىيىتىنى ئېلىشى كېرەك».

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا دۆۋلەتلىرى تەشكىلاتى ئومۇمىي مەجلىسى ئەزا دۆلەتلەرنى «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كاپالەت ۋە ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان پرىنسىپلار ۋە كېلىشىملەر بويىچە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش خىزمىتىنى دۆلەت ۋە رايون قاتلىمىدا ئەركىن-ئازادە ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا چاقىردى». [41]

شۇڭلاشقا ئامېرىكائارا سىستېمىسى شۇنى -ئېتىراپ قىلدىكى، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ رايونلۇق مېخانىزىم بىلەن ھەمكارلاشقاندا خەتەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىل ئەھۋاللار ئاستىدا ئۇلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار.

40 ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، «تەرتىپ قائىدىسى»، 2013 -يىل 8 -ئاينىڭ 1 -كۈنى، -63ماددا، http://www.oas.org/en/iachr/mandate/basics/rulesiachr.asp

41 ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنى، «ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن تىرىشقۋاتقان پۇقرالار جەمئىيىتىدىكى شەخسلەر، گۇرۇپپىلار ۋە تەشكىلاتلارنى قوللاش»، 2 ،(AG/RES.1671 (XXIX-O/99–نومۇرلۇق قارار، 1999 -يىل 6 -ئاينىڭ 7 -كۈنى، http://www.oas.org/juridico/english/ga-res99/eres1671.htm

«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» (IACHR) نىڭ ئۆچ ئىشلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەخسۇس بېغىشلانغان مېخانىزملىرى يوق، ئەمما ئۆچ ئىشلار بىلەن ئەيىبلەنگەن مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە «ئۇچۇر تەلەپلىرى» ئەۋەتىش، «ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى» قوللىنىپ، باشقىلارغا ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز زىيانكەشلىك قىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە «ئاخبارات ئېلان قىلىش» قاتارلىق ئىقتىدارلىرى بار. تۆۋەندە بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

### 4.1.1 ئۇچۇر مەلۇمات تەلەپلىرى

«ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى» نىڭ 41 -ماددىسى ۋە «ئامېرىكائار كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى نىزامنامىسى» نىڭ 18 -ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كومىسسىيەگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوللانغان تەدبىرلىرى ھەققىدە ئۇچۇر تەلەپ قىلىسا بولىدۇ.[42] بۇ بىر مەخپىي تەرتىپ بولۇپ، كومىسسىيەگە ئەزا دۆلەتلەرگە كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلدى دېگەن ئەيىبلەشلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ ھەمدە دۆلەتلەردىن بەلگىلەنگەن ئادەتتە 15 كۈن بولغان مۆھلەت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلگەن ئۇچۇرلار تەلەپلىرى پۇتكۇل كومىسسىيەنىڭ تەستىقىغا موھتاج ئەمەس. بۇ تەلەپلەر «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلاتچىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ[43] ، ھەمدە ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ دوكلاتچىسى ۋە كومىسسىيە رەئىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىشىنى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق، بىر قەدەر تېزلىكتە(ئادەتتە بىر ھەپتە ئىچىدە) چارە قوللانغىلى بولىدۇ.

### 4.1.2 ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى[44]

«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىن «ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى» قوللىنىپ، كىشىگە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىيانكەشلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار.[45] كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۆچ ئىلىشقا دۇچ كەلگەن ئەھۋاللاردا بۇ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەلەپ قىلىنىدى.[46] ئەگەر زۆرۈر دەپ قارالسا، «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» يەنە «ئامېرىكائارا سوت مەھكىمىسى» نىڭ «تەرتىپ قائىدىلىرى» نىڭ 76 -ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتلەر بويىچە، مەزكۇر سوت مەھكىمىسىگە «ۋاقىتلىق تەدبىرلەر» تەلىپىنى سۇنسا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى مېخانىزمى «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ «تەرتىپ قائىدىلىرى» نىڭ 25 -ماددىسىدا بېكىتىلدى.[47] ئېغىر ۋە جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، كومىسسىيە ئۆز تەشەببۇسى بىلەن ياكى بىر تەرەپنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «بىر دۆلەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشىنى تەلەپ قىلىسا بولىدۇ. بۇ خىل تەدبىرلەر مەيلى مۇراجىئەتنامە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن، كىشىلەرگە ياكى ئامېرىكائارا سىستېمىسى ئورگانلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئەرز ياكى دېلوغا نىسبەتەن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىيان خەۋپى ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر ۋە جىددىي ئەھۋاللارغا چېتىلىدۇ». بەلكىم بۇ تەدبىرلەر كوللىكتىپ خارەكتېرگە ئىگە بولۇپ، شەخسلەرنىڭ مەلۇم بىر تەشكىلات، گۇرۇپپا ياكى جامائەت بىلەن سالاھىيىتى ئېنىقلانغان ياكى ئېنىقلىغىلى بولىدىغان ئەزالىرى بىلەن ئالاقە قىلىش تۈپەيلىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەسرگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئالدىنقى شەرتى شۇنداق قىلىش مۇمكىن بولغاندىلا. ئەگەر كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلىرى خىزمىتى سەۋەبىدىن دۆلەت ياكى ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت ئىچىدە بۇ دېلونى ھەل قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى تېخىمۇ كۆپ پاراكەندىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ شەرت تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئالاقىدار دۆلەتلەردىن تەلەپ قىلىنغان تەدبىرلەر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ «ھاياتى ۋە جىسمانىي دەخلسىزلىگىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋە «ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ قوللىنىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پاكىتلارنى تەكشۈرۈش بويىچە كۆرۈلگەن ھەركەتلەر ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش» قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

42 قاراڭ: ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى، 1969 -يىلى 11 -ئاي، https://www.cidh.oas.org/basicos/english/basic3.american%20convention.htm؛ ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنى، «ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى نىزامنامىسى»، 1979 -يىل ئۆكتەبىر، http://www.oas.org/en/iachr/mandate/basics/statuteiachr.asp

43 http://www.oas.org/en/iachr/defenders/default.asp

44 https://www.oas.org/en/IACHR/decisions/MC/MedidasCautelares_folleto_EN.pdf

45 ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، «8/18 -نومۇرلۇق قارار»، 2018 -يىل 2 -ئاينىڭ 21 -كۈنى،http://www.oas.org/en/iachr/decisions/precautionary.asp

46 قاراڭ: https://www.oas.org/en/iachr/decisions/mc/2024/res_26-24_mc_438-15_ve_en.pdf؛ https://www.oas.org/es/cidh/decisiones/pdf/2015/MC71-15-es.pdf

47 ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، «تەرتىپ قائىدىسى»، 2013 -يىل 8 -ئاينىڭ 1 -كۈنى، 25 -ماددا، http://www.oas.org/en/iachr/mandate/basics/rulesiachr.asp

شەرتنامە ئورگانلىرىنىڭ «ۋاقىتلىق تەدبىر» سىستېمىسىغا ئوخشاش، «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئالاقىدار دۆلەتكە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەيدۇ. دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ دۇچ كېلىدىغان خەۋپىدىن خەۋىرىنىڭ يوقلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ شۇنى ئېنىق قىلىپ كۆرسەتتىكى، ئەگەر ئۇ كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، شۇ دۆلەت سۈرۈشتۈرمە قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ شۇ دۆلەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا قانچىلىك دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ. بۇ دۆلەتنى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى پاراكەندىچىلىك سېلىشنى توختىتىشقا، ياكى غەربىي-دۆلەت ئاكتىيورلاردىن تەھدىت ياكى پاراكەندىچىلىك سېلىش ئەھۋاللىرىغا ئارىلىششقا ئۈندەش ئۈچۈن يېتەرلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەمىنلىگەن قوغداش «ئۈچۈر تەلەپلىرى» دىنمۇ پۈختىراق بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ جەرياندا ۋەزىيەتنىڭ «ئېغىر ۋە جىددىي» ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز زىيانكەشلىك خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىدىغان تېخىمۇ قاتتىق تەلەپلەر بار. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۈچۈر تەلەپ قىلىش ۋاقتىدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى كومىسسىيە ئۇلارنى تەستىقلىشى كېرەك.

«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» 2020 -يىلى «كۆچكە ئىگە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش[48] » توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، «كۆچكە ئىگە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى نازارەت قىلىش ئۇسۇلى[49] » نى تەستىقلىدى. «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» يەنە كۆچكە ئىگە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ خەرىتىسىنى ساقلايدۇ[50] ۋە يىللىق دوكلاتىدا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ھۆججەتلەشتۈرىدۇ.[51]

48 https://www.oas.org/en/iachr/decisions/pdf/Resolution-2-20-en.pdf

49 https://www.oas.org/en/iachr/decisions/MC/MC-vigentes-EN.pdf

50 https://www.oas.org/es/CIDH/jsForm/?File=/es/cidh/decisiones/mc/mapa.asp

51 https://oas.org/en/iachr/reports/ia.asp

**مەخپىيەتلىك**

**«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوبۇل قىلغان مەنپەئەتلەنگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى ياكى باشقىلارنىڭ قىلغان سۈرۈشتۈرۈشلىرىدىن مەخپىي ساقلىيالامدۇ؟**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كومىسسىيە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەلىپىگە قارىتا ئالاقىدار دۆلەتكە خىتاب قىلغاندا، چوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنپەئەتلەنگۈچىنىڭ كىملىكىنى يەتكۈزۈشى كېرەك، چۈنكى شۇ دۆلەت كىمنى-قوغداش ياكى كىمنى ئۆچۈر بىلەن تەمىنلەشنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتتە ئەندىشە بولسا، ئەھۋالنى كومىسسىيەنىڭ قاراپ چىقىشىغا دوكلات قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي رەۋىشتە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

بەزى ئەھۋاللاردا، كومىسسىيە ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنپەئەتلەنگۈچىنىڭ كىملىكىنى قوغداشنى تاللىيالايدۇ، مەسىلەن، تولۇق ئىسمىنى ئىسىملارنىڭ باش ھەرپلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش دېگەندەك. مەنپەئەتلەنگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداش تەلىپى سەۋەبى بايان قىلىش بىلەن بىرگە كومىسسىيەگە سۇنۇلۇشى كېرەك.

**كومىسسىيە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ياكى ئۇچۇر تەلەپلىرى** ئۈچۈن **ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى مەخپىي تۇتامدۇ؟**

ھەئە. ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى ئېنىق تەلەپ قىلسا، كومىسسىيە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇتالايدۇ. ھالبۇكى، ئىلتىماس قىلغۇچى بىلەن مەنپەئەتلەنگۈچى ئوخشاش ئادەم بولسا، كومىسسىيە ئادەتتە شۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى ئالاقىدار دۆلەتكە ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە مەسىلە بار بولسا، ئەھۋالنى كومىسسىيەنىڭ قاراپ چىقىشىغا يەتكۈزسە بولىدۇ.

**ئەگەشمە: كېيىنكى قەدەمدە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟**

سىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تەلەپ قىلغان ياكى كومىتېتتىن ئۇچۇر تەلەپ قىلغان-قىلمىغانلىقىڭىزغا ئاساسەن، مەنپەئەتلەنگۈچىلەر بىلەن ئەگەشمە(ئىزلاش) دائىرىسى ئوخشىمايدۇ. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى بولغان ئەھۋالدا، بارلىق باسقۇچدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەردىكى ئەھۋالنى كومىسسىيە مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنى خەۋەردار قىلىدۇ. ئۇچۇر تەلىپى تەرتىپى مەخپىي بولغاچقا، مەنپەئەتلەنگۈچىلەر دېلونىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى جەزم قىلىشتىن باشقا ئۇچۇرلار ھەققىدە خەۋەردار بولۇشنى ئۈمىد قىلماسلىقى كېرەك. ھالبۇكى، مەنپەئەتلەنگۈچىلەر كومىسسىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ، دوكلاتچى ئۇچۇر تەلىپىنىڭ ئەۋەتىلگەن-ئەۋەتىلمىگەنلىكى ۋە دۆلەت تەرىپىدىن جاۋاب بېرىلگەن-بېرىلمىگەنلىكى قاتارلىق ئاساسىي ئۇچۇرلارنى تەمىنلىيەلەيدۇ. بەزى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى دۆلەت ئىچىدە ئۇچۇر ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» ئەۋەتكەن ئۇچۇر تەلەپلىرى ۋە ئالاقىدار دۆلەتنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىدۇ. بۇ تەرتىپنىڭ مەخپىي بولۇش خاسلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈشنىڭ بىر يولى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مېكسىكا «Comisión para la Transparencia»(ئاشكارىلىق كومىتېتى) ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەتكەن.

## 4.1.3 ئاخبارات ئېلانلىرى

«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» يەنە كۆپلىگەن يىغىن خاتىمىسى دوكلاتى ۋە ئاخبارات ئېلانلىرى ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىنى مۇنازىرە قىلىدۇ.[52] بۇ دوكلاتلار ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىشلار ئالاقىدار دۆلەتنىڭ پائالىيىتىنى ئاشكارىلاپ، دائىرىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا قارىتا خالىغانچە چارە قوللىنىشىنى قىيىنلاشتۇرۇشى مۇمكىن. كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئومۇمەن كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان خېيىم-خەتەردىن باشقا، ئاخبارات ئېلانلىرى يەنە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن دۇچ كەلگەن ئۆچ ئېلىش ئەھۋاللىرىدا دائىم ئىشلىتىلىدۇ. ئۇچۇر تەلەپلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىگە ئىنكاس قايتۇرمىغان دۆلەتلەر ئۈچۈن، ئاخبارات ئېلانلىرىنىڭ رولى ئالاھىدە زور.

«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان بىر قانچە پۇقراۋى جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىمۇ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ئالاقىدار دۆلەتلەرنى «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا كونكېرتنى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلاردىن ھېچقانداق ئۆچ ئالماسلىقنى ئۆتۈندى. ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان كومىسسارلار ئادەتتە بۇ تەلەپلەرگە ئالاقىدار دۆلەتكە «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى دەۋا قائىدىسى» نىڭ 63 -ماددىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەسكەرتىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. بەزى ئەھۋاللاردا، كومىسسارلار يەنە دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا بەرگەن باياناتىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

---

[52] ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ئامېرىكا قىتئەسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ -161قېتىملىق يىغىنى دوكلاتى»،ئاخبارات ئېلان قىلىش 17/35 قوشۇمچە ھۆججىتى، www.oas.org/en/iachr/media_center/docs/report-161.doc

«ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ 2017 -يىلى 3 -ئايدىكى 161 -قېتىملىق يىغىن دوكلاتىدا، گوندۇراس، نىكاراگۇئا ۋە ۋېنېزۇئېلا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ يىغىن مەزگىلىدىكى ئىسپات ئاڭلاش ۋە باشقا پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن شەخس ۋە تەشكىلاتلارغا قاراتقان ئۆچ ئېلىش، تەھدىت سېلىش ۋە كەمستىش پائالىيەتلىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» ئوخشاش دۆلەتلەردە ئىلگىرى بىر ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قايتا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىڭ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى دەۋا قائىدىسى» نىڭ 63 -ماددىسىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھەرقانداق بىر دۆلەت «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» دىكى ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان شەخس ياكى تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆچ ئېلىش ياكى قورقۇتۇش قىلمىشلىرىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

**ئەگەر سىز «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق» سىستېمىسى بىلەن ھەمكارلىششنى ئويلىغان، ھەمكارلىشۋاتقان ياكى ھەمكارلاشقان بولسىڭىز، ھەمدە قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە ئۇچرىغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايسىز:**

- «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» نىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى بىلەن تۆۋەندىكى ئېلخەت cidhmonitoreo@oas.org بىلەن ئالاقىلىشىڭ:
  - كومىسسىيەنىڭ بىر دۆلەتكە **ئۇچۇر تەلىپى** يوللىغانلىقىنى سوراڭ ياكى
  - كومىسسىيەنىڭ **ئاخبارات ئېلان** قىلىپ، ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن-بىلدۈرمىگەنلىكىنى سوراڭ.
- كومىسسىيە بىلەن تۆۋەندىكى ئېلخەت cidhmonitoreo@oas.org بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تەلەپ قىلىڭ. سىز يەنە ئۇ خەتنى تۆۋەندىكى ئېلخەت ئارقىلىق cidhdefensores@oas.org كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ھەققىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسىغا كۆچۈرۈپ ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.
- ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاخىرلاشقاندا «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» بىلەن ھەمكارلاشقانلارغا قارىتىلغان ئۆچ ئېلىش ھەققىدىكى كونكرېت تەلەپلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ ۋە كومىسسارلارنى ئالاقدار دۆلەتكە «دەۋا قائىدىسى» نىڭ 63 -ماددىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىڭ.
- شۇنىمۇ ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئەگەر «ئامېرىكائارا كىشىلىك ھوقۇق كومىسسىيەسى» دىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا ئۆچ ئېلىنىشتىن قورقسىڭىز، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنى يېپىق ھالەتتە ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.
- بۇ تاللاشلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ.




©رەسىم: ACHPR

## 4.2 ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى

### .4.2.1 ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىدىكى ئاساسىي مەسئۇل (فوكۇس نۇقتا)

«ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى» (ACHPR) پۇقرالار جەمئىيىتى پائالىيەتچىلىرى، بولۇپمۇ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى دائىم دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىگە «ئېغىر ئەندىشە» سىنى بىلدۈرۈپ، بىر نازارەت قىلىش مېخانىزمى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ھەققىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىدىكى ئاساسىي مەسئۇل (فوكۇس نۇقتا) رولىنى ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى.[53] بۇ سىستېمىلىق ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما 2014 -يىلى مايدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغان تۈرۈۋقلۇق، يەنىلا تولۇق مەشغۇلاتتا ئەمەس.

**كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچى ۋە ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىدىكى ئاساسىي مەسئۇلنىڭ ۋەزىپىسى** بولسا: پۇقرالار جەمئىيىتى پايداشلىرىگە قارىتىلغان ئۆچ ئېلىش دېلولىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش؛ ئۇلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغان ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ساقلاش ھەم ئاسراش؛ كومىسسىيەگە جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، كونكېرتنىي ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش؛ «ئالاھىدە دوكلاتچى پائالىيەت دوكلاتى» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كومىسسىيەنىڭ ھەر بىر ئادەتتىكى يىغىنىدا ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى دوكلات قىلىش؛ ئەنگە ئالدۇرغان دېلولارنىڭ ئەگەشمىسىگە كاپالەتلىك قىلىش.

بۇ يېڭى ۋەزىپىنى يولغا قويۇش ھەمدە ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا ئۈنۈملۈك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، ئالاھىدە دوكلاتچى 2019 -يىلى بىر «پاكىت جەدۋىلى» نامدىكى ھۆججەتنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتتە ئاساسىي مەسئۇل (فوكۇس نۇقتا) نىڭ ۋەزىپىلىرى، دېلولارنى قانداق تاپشۇرۇش ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تەمىنلىدى.[54] مەزكۇر دوكلات يېزىلىۋاتقان شۇ دەمدە، ئۆچ ئېلىش مەسىلىسىدىكى ئاساسىي مەسئۇل (فوكۇس نۇقتا) مەركىزى تېخى كومىتېتقا تۇنجى دوكلاتىنى سۇنمىدى.

---

53 ئاسىيا تىنچ ئوكيان كىشىلىك ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، «ئافرىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى ئالاھىدە دوكلات قىلغۇچىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى كېڭەيتىش ھەققىدىكى قارار»، ACHPR/Res.273 (LV)14، 2014 -يىلى 12 -ماي، https://achpr.au.int/en/adopted-resolutions/273-resolution-extending-scope-mandate-special-rapporteur-hu

54 https://achpr.au.int/en/documents/2023-11-23/fact-sheet-no-1-reprisals-africa

### 4.2.2 ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالقىلىشىشلار

«ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى» شەخسلەر ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلاردىن كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلمىشى ھەققىدىكى شىكايەت **ئالاقىلىرىنى** قوبۇل قىلالايدۇ. ئالقىلىشىشلار چوقۇم يازما شەكىلدە بولۇشى، ھەمدە «ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى» نىڭ كاتىپى ياكى رەئىسىگە يوللىنىشى كېرەك. ئالاقىدە ھېچقانداق شەكىل ياكى ئالاھىدە فورمات تەلىپى يوق، ئەمما ئالاقىدە شىكايەت قىلغۇچىنىڭ ئىسمى، دۆلەت تەۋەلىكى، كەسپى ياكى خىزمىتى، ئادرېسى ۋە ئىمزاسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئالاقىنى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ئەۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭدا ئورگان\تەشكىلاتنىڭ ئادرېسى ۋە ئۇنىڭ قانۇن ۋەكىللىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئىمزالىرى بولۇشى كېرەك. ئالاقىلەردە يۈز بەرگەن كىشىلىك ھوقۇق ۋە ياكى خەلقلەر ھوقۇقلىرىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغانلىق قىلمىشىنى تەسۋىرلىنىشى، ئۇنىڭ يۈز بەرگەن چىسلاسى، ۋاقتى ۋە ئورنى كۆرسىتىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭدەك، ئۇ مۇناسىۋەتلىك دۆلەتنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. ئالاقىلەردە يەنە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى بولۇشى كېرەك (ھەتتا ئۇلار نام-شەرىپىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىسىمۇ، بۇ ئەھۋالدا شۇنداقلىقىنى ئەسكەرتىش لازىم)، ۋە ئىلاجى بولسا، دېلونىڭ-پاكىتلىرى بىلەن تونۇش بولغان ھەر قانداق ئورگاننىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئالاقە يەنە دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق قانۇن ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئۆچۈرلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئەگەر بارلىق قانۇن ۋاستىلىرى ئۇسۇللىرى تېخى ئىشلىتىلىنىپ تۈگىمىگەن بولسا، ئالاقىدە بۇنداق قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان سەۋەبلىرى كۆرسىتىلىشى كېرەك. ئالاقە يەنە ئالاقىنىڭ باشقا خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلانغان-تاشلانمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشى كېرەك.[55]

ئالاقىنىڭ كونتېكستىدە، «ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى» نىڭ يەنە «**ۋاقىتلىق تەدبىرلەر**» سىستېمىسى بار بولۇپ، ئۇ بىر دۆلەتتىن «ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىيان كەلتۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» نى تەلەپ قىلالايدۇ.[56] ئەھدىنامە دۆلىتى 15 كۈن ئىچىدە بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى توغرىسىدا دوكلات بېرىشى كېرەكلىكى كۆتۈلىدۇ.

**ئەگەر سىز ئافرىقا سىستېمىسى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ھەمكارلىشىشنى ئويلىغان، ھەمكارلاشقان ياكى ھەمكارلىشىۋاتقان بولسىڭىز ھەمدە قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە ئۇچرىغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايسىز:**

- «ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى» نىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىسى ۋە ئۆچ ئېلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى ئاساسىي مەسئۇلى (فوكۇس نۇقتا) بىلەن ئالاقىلىشىڭ. ھازىرقى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشى بولسا پروفېسسور رېمي نوگو لۇمبۇ(Rémy Ngoy Lumbu). ئۇنىڭغا بىلەن تۆۋەندىكى ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقە قىلالايسىز:au_banjul@africa_union.org كۆچۈرۈلمە: africancommission@yahoo.com ۋە BagonaA@africa_union.org سىز يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قىلالايسىز:
- تۆۋەندىكى ئېلخەت ئارقىلى «ئافرىقا كىشىلىك ۋە خەلقلەر ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسى» غا ئالاقىڭىزنى يوللاڭ، ئەگەر ۋەزىيەت تەلەپ قىلسا ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى تەلەپ قىلىڭ: au_banjul@africa_union.org

55 ئاسىيا تىنچ ئوكيان كىشىلىك ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ئۇچۇر جەدۋىلى 3 -نومۇر، ئالاقە تەرتىپى»، 2021 -يىل -13ئاپرېل، https://achpr.au.int/en/communications_procedure

56 ئاسىيا تىنچ ئوكيان كىشىلىك ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى، ئافرىقا كىشىلىك ھوقۇقى ۋە خەلق ھوقۇقى كومىتېتىنىڭ تەرتىپ قائىدىسى»، 2020 -يىلى، 100 -قائىدە، https://achpr.au.int/en/rules_procedure

# 5. باب:

# دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى

خەلقئارا ۋە رايونلۇق ئورگانلارنىڭ ئۆچ ئېلىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان قەدەملىرى، مەيلى مېخانىزملارنى ئورنىتىش ئارقىلىق ياكى مەۋجۇت مېخانىزملاردىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئېلىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بولسۇن، ب د ت ۋە رايونلۇق سىستېمىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان ياكى ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششقا ئۇرۇنغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى مەلۇم شەكىلدىكى قوغداش ئىمكانىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مېخانىزملار يېتەرلىك قوغداش بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا دۆلەت مۇداپىئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا قوغداش مەنبەلىرى بار بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى رايونلۇق ۋە ب د ت قاتلىمىغا قاتناشقاندا ئۆچ ئېلىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئىشلىتەلەيدۇ.

## 5.1 دۆلەت دەرىجىلىك دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلارنىڭ قوللىشى

دۆلەت دەرىجىلىك دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلىرى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا چەكلىك بولسىمۇ مۇھىم قوغداش مەنبەسى بولالايدۇ. بەزى دۆلەتلەر دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلىرى ئۈچۈن ئۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنىڭ كونكرېت كۆرسەتمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇڭلاشقا، بۇ دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلىرى رايونلۇق ياكى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى بىلەن ھەمكارلىشىش نەتىجىسىدە ئۆچ ئېلىنىشقا دۇچ كەلگەن ياكى ئەيىبلىنىشكە دۇچ كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا ئالاھىدە سەزگۈر. ئەمما شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، ئەلچىخانىلارغا بېرىش-كېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنى كۆپرەك خەتەر ئۇستىگە قويىشى مۇمكىنلىكىنى ئەستە تۇتۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە **كانادا**[57]، **فىنلاندىيە**[58]، **ياۋروپا ئىتتىپاقى**[59]، **ئىرېلاندىيە**[60]، **نورۋېگىيە**[61]، **شىۋىتسارىيە**[62]، **ئەنگىلىيە**[63] شۇنداقلا **ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى (ئا ق ش)**[64] دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلىرىگە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان دۆلەتلەردىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلارنى قوغداش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى توغرىسىدا كۆرسەتمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

شۇڭلاشقا، ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، شىۋىتسارىيە، ئىرلاندىيە، فىنلاندىيە، نورۋېگىيە، ئەنگىلىيە ياكى كانادانىڭ دىپلوماتىك ۋاكالەتخانىلىرى بىلەن ئالاقىلاشقان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىگە تەشۋىشلىرىگە جىددىي قاراشقا ۋە جاۋاب قايتۇرۇشقا تەييارلانغان كىشىلەر (خادىملار) بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىشلىرى كېرەك. خەتەرنى باھالاش ۋە ئازايتىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراشتىن بۇرۇن مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنىڭ ئىنتايىن چوڭ رولى بار، شۇنداق بولغاندا ياردەم سوراشقا توغرا كەلسە، دىپلوماتلار ئالدىبۇرۇن كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتى بىلەن تونۇشۇپ چىققان بولىدۇ.

تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەگەر ئەلچىخانىلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە خېيىم-خەتەر ئېلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ قىلالايدىغان ئىشلىرى چەكلىك بولىشى مۇمكىن. ئۇنىدىن باشقا، بەزى كىچىكرەك ئەلچىخانىلارنىڭ خىزمەتچىلىرى يېتەرلىك بولمىغاچقا، بۇ ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان بايلىقى يېتەرلىك بولمايدۇ.

---

57 خەتەر ئاستىدىكى ئاۋاز: كانادانىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى، http://international.gc.ca/world-monde/issues_development-enjeux_developpement/human_rights-droits_homme/rights_defenders_guide_defenseurs_droits.aspx?lang=eng

58 فىنلاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوغداش ۋە قوللاش - فىنلاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئاممۇيى كۆرسەتمىسى»، https://um.fi/documents/35732/48132/protecting_and_supporting_human_rights_defenders___public_guidelines_of

59 ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى: https://eeas.europa.eu/sites/eeas/files/eu_guidelines_hrd_en.pdf

60 ئىرېلاندىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، «ئىرېلاندىيە باش ئەلچىخانىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى ۋەزىپىلىرى كۆرسەتمىسى»، 2010 -يىل، https://www.humanrights.ch/cms/upload/pdf/150415_irish_hrd_guidelines_en.pdf

61 نورۋېگىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش كۆرسەتمىسى، https://www.regjeringen.no/contentassets/3b4a9f25aae749aea555677ae81bf7a9/en-gb/pdfs/guidelines-on-supporting-human-rights-defenders.pdf

62 فېدېراتسىيەلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، «شىۋىتسارىيە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»، 2019 -يىل، https://www.eda.admin.ch/content/dam/eda/en/documents/publications/MenschenrechtehumanitaerePolitikundMigration/Leitlinien-zum-Schutz-von-HRD_EN.pdf

63 https://assets.publishing.service.gov.uk/government/uploads/system/uploads/attachment_data/file/819299/UK-Support-for-Human-Rights-Defenders.pdf

64 -Guidelines-for-U.S.-Diplomatic-Mission/08/2022/https://common.usembassy.gov/wp-content/uploads/sites/11 Support-to-Civil-Society-and-Human-Rights-Defenders.pdf

**ئا ق ش** نىڭ كۆرسەتمىلىرى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە فۇقرالىق جەمئىيىتى پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىلغان ئىككى تەرەپلىمە ۋە كۆپ تەرەپلىمە شارائىتلاردا دىپلوماتىك ھەرىكەتلىرىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭغا ب د ت ۋە ئۇنىڭ تەھدىت ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ھەل قىلىش مەخانىزملىرى بىلەن ھەمكارلىق قىلىش، دىپلوماتىك ۋاكالەتخانىلىرىدا تەيىنلەنگەن كىشىلىك ھوقۇق بويىچە خادىملار ئارقىلىق پۇقرالىق ماكانىنى نازارەت قىلىش كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىدا ئالاقىنى داۋام ئەتتۈرۈش ۋە مۇئەييەن ھالەتلەر بويىچە چارىلەر كۆرۈشتەك تۈرلۈك ۋاستىلىرى مەۋجۇت.

**كانادانىڭ** كۆرسەتمىلىرىدە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش دىپلوماتىك ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ مۇھىم مەسىلىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىپلوماتىك ئۇچرىشىش، ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىش ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ئىشلىتىش، سوتقا قاتنىشىش ۋە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتنىشىش ۋە قولغا ئېلىنغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى زىيارەت قىلىش، جىددىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغان تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ب د ت مۇساپىرلار كومىتېتى ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ جىددىي قوغداش پروگراممىسى ئارقىلىق پاناھلىق بېرىش قاتارلىق دىپلوماتىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ياۋروپا** ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ-كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەۋسىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى خەتەر ئاستىدا قالغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۈچۈن ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى تەمىنلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىشنىڭ ئەمەلىي ئۇسۇللىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ قوللىنىدىغان تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: خەتەرگە يولۇققان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئورتاقلىشىش ۋە مەخپىي ياردەملىشىش؛ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى بىلەن مۇۋاپىق ئالاقىنى ساقلاش؛ مۇناسىپ تەشۋىقات قىلىش، زىيارەت قىلىش ياكى تەكلىپنامە ئەۋەتىش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى ئاممىغا كۆرۈنەرلىك تونۇتۇش ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ سوتلىرىغا قاتنىشىش ۋە كۆزىتىش.

**فىنلاندىيەنىڭ** كۆرسەتمىلىرى بولسا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا تەييارلانغان بولۇپ، فىنلاندىيە دىپلوماتىيە ۋاكالەتخانىلىرى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۈچۈن قولاي مۇھىت يارىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينىشقا ئۈندەشكە قارىتىلغان. خەتەر ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش ۋە قوغداش ھۆكۈمەت ياكى شەخسىي دىپلوماتىيە، شۇنداقلا دۆلەت ئىچىدە ياكى باشقا دۆلەتكە كۆچۈشكە ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئىرېلاندىيەنىڭ** «ئىرېلاندىيە ئەلچىخانىسى ۋە ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى» ئىرېلاندىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش خىزمىتىگە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىدۇ ھەمدە ئەلچىخانىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاشتىكى ئەمەلىي باسقۇچلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ، بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش؛ مەخپىي بولغان دىپلوماتىك ھەرىكەت؛ غەيرىي-رەسمىي قانالللارنى ئىشلىتىش؛ دۆلەتلىك ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقى-دېمارشلىرى (دىپلوماتىك ئۇسۇل، چارە، يول، چىقىش، تەلەپ، پىكىر...)؛ دۆلەت ئىچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى بىلەن دىئالوگ قۇرۇش؛ ئاشكارا بايانات بېرىش؛ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ياكى بىرىيۇسسېلغا جايلاشقان جۇغراپىيىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئەھۋالنى يۇقىرى دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈش؛ ھەمدە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋىزا پىلانىغا ئاساسەن ئىرېلاندىيەدە ۋاقىتلىق مۆھلەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش.

**نورۋېگىيەنىڭ**كۆرسەتمىلىرىدە رەسمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، رەسمىي يىغىن، دېمارشلار، رەسمىي باياناتلار، سوت دېلولىرىنى كۆزىتىش، تۈرمە زىيارىتى ۋە نەزەربەندىكى كىشىلەرنى يوقلاش ۋە تاراتقۇلارنى ئىشلىتىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ كۆرسەتمىلىرىدە يەنە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا قوللىنىدىغان تەدبىرلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي ۋە ئەمەلىي ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇناسىۋەتلىك كىشىنىڭ بىخەتەر ئۆيدە ياكى پاناگاھدا قىسقا مۇددەتلىك قوغدىنىشقا ئېرىششى، ياكى شۇ دۆلەتنىڭ باشقا بىر يېرىگە يۆتكىلىشى، شۇ رايوندىكى باشقا دۆلەتكە يۆتكىلىشى، ھەتتا ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا نورۋېگىيەگە كۆچۈپ كېتىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شىۋىتسارىيەنىڭ** كۆرسەتمىلىرىدە بىۋاستە قوغداش قاتارلىق بىر قانچە مۇمكىن بولغان قوغداش تەدبىرلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، مەسىلەن ئەلچىخانىدا ۋاقىتلىق قوغداش بىلەن تەمىنلەش، دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدا قايتا ئولتۇراقلىشىشىغا ياردەم بېرىش، چەتئەلدىكى يىغىنلاردىن يۇرتىغا قايتىش/چىگرادىن كىرىشكە ياردەم بېرىش (مەسىلەن ئۇلار ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن)، دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق مەخپىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش، ئېقتىدارلىق بولغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، دىپلوماتىك دېمارشلىرى ۋە ئاشكارا باياناتلار قاتارلىقلاردۇر.

**ئەنگلىيەنىڭ** كۆرسەتمىلىرىدە، ئەنگلىيەنىڭ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى تورى ئارقىلىق، ئەنگلىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قانداق قوللايدىغانلىقى ۋە كېرەك بولغاندا كەڭ دائىرىلىك تېما مەسىلىرىدە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كۆرسەتمىلىرىدە يەنە ئەنگلىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە

ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك دۇنياۋى ئۆلچەملەرنى كۈچەيتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى قانداق ئورۇندايدىغانلىقى كۆرسىتىلدۇ.

## 5.2 دۆلەتلەرنىڭ باشقا ياردەملىرى

ئۆچ ئېلىش مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىدىغان دۆلەتلەرنى ئىككى تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك بوشلۇقتا دېلولارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىشەندۈرۈش شۇنداقلا دۆلەتلەرنى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرىق قىلىشنىڭمۇ پايدىسى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى لوببىيچىلىق قىلىپ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش يىغىنى ياكى ب د ت نىڭ ئومۇمىي يىغىنىدىكى باياناتلىرىدا ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قايىل قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقى مۇلازىمىتى تەشكىلاتى» (ISHR) #EndReprisals ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتلەرنى ب د ت بىلەن ئۇچراشقانلارغا قارىتىلغان ئۆچ ئېلىش ۋە تەھدىت سېلىشنى ئاشكارا ئەيىبلەشكە، شۇنداقلا جەنۋەدىكى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە نيۇ-يوركتىكى ئومۇمىي يىغىندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كونكرېت دېلولىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا چاقىرىپ كەلدى. 2024 -يىلى 9 -ئاينىڭ 27 -كۈنى، 11 دۆلەت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 57 -قېتىملىق يىغىنىدا 10 دۆلەت ۋە تېررىتورىيەلەردىكى يەككە دېلولارنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە 2024 -يىلى 10 -ئاينىڭ 17 -كۈنى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 79 -قېتىملىق يىغىنىنىڭ 3 -كومىتېت يىغىنىدا، ئۈچ دۆلەت تەرىپىدىن تۆنجى قېتىم كونكرېتنىي بولغان قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىش دېلولىرى ۋە ئەھۋاللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.[65]

[65] https://ishr.ch/campaign/endreprisals2023/; https://ishr.ch/campaign/endreprisals2024

# 6. باب :

# هۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى




©رەسىم: ئاننە لائۇرە لەچات / ب د ت

مەيلى مەمۇرىي، ماددىي، مالىيەۋىي، لوگىستىكالىق ياكى ئەمەلىي جەھەتتىن بولسۇن، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارمۇ مۇھىم بولغان قوللاش ۋە قوغداشنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ. بۇ جىددىي نازارەت قىلىش، دوكلات ۋە تەشەببۇسچىلىق بىلەن قوللاش، ئالاقىدار ئورگانلارغا مۇراجىئەت قىلىش، ھىمايىۋىي ئاممىۋىيلاشتۇرۇش (ئاشكارىلىق)، ۋاقىتلىق كۆچۈشكە ئەمەلىي ياردەم بېرىش ياكى داۋالاش ياكى قانۇنىي چىقىمنى كۆتۈرۈش، تېز ئەمەلىي قوللاش، جىددى قۇتقۇزۇش، قانۇن مەسلىھەتى، جىسمانىي بىخەتەرلىك، رەقەملىك بىخەتەرلىك، خەۋەرلىشىش، بىخەتەرلىك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، بىخەتەر قاتناش ۋە ئىجتىمائىي ياردەم(ئائىلە قوللىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى»(ISHR) ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە بۇ دېلولارنى خەلقئارا ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىلىرىغا يەتكۈزۈش، خەتەر ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوغداش خاراكتېرلىك تەشۋىقات بىلەن تەمىنلەش ھەمدە دۆلەت، خەلقئارا ۋە رايونلۇق كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىلىرىدا ئۆچ ئېلىشنىڭ ئالدىنى ۋە بۇ خىل دېلولار يۈز بەرگەندە جاۋابكارلىققا تارتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزملىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بۋاستە تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن ياكى مەخسەتلىك زوراۋانلىققا دۇچار بولغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئۈچۈن مەۋجۇت بولغان بەزى تەشكىلاتلار تاللانمىسى تۆۋەندە تىزىلدى. بۇ تىزىملىك ھەرگىزمۇ تولۇق ئەمەس ۋە تەشكىلاتنىڭ بۇ يەرگە كىرگۈزۈلۈشى بىز (ISHR) ئۇلارنى ھەر ھەجەتتىن ئېتىراپ قىلغانلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ:

- ھازىر زىيارەت قىلىش: ياردەم لىنىيىسى (https://www.accessnow.org/help-es/)
- ئافرىقا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى: پاناھلىنىش شەھىرى (https://www.ahrnfoundation.org/sheltercity.php)
- كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش: جىددىي قۇتقۇزۇش فوندى (https://agir-ensemble-droits-humains.org/fr/notre-fonds-durgence/)
- ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن كانادالىق ژۇرنالىستلار (CJFE): قىيىنچىلىقتا قالغان ژۇرنالىستلار فوندى (https://cjfe.org/journalists-in-distress-fund/)
- رەقەملىك قوغدىغۇچىلار ھەمكارلىقى: جىددىي ياردەم (https://www.digitaldefenders.org/)
- قوغدىغۇچىلارنى قوغداش (https://www.defenddefenders.org/protection/)
- ياۋرو-ئوتتۇرا دېڭىز كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوللاش فوندى (https://emhrf.org/urgent-grants/)
- ئاسىيا مۇنبىرى: خەتەر ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى قوغداش پىلانى (https://forum-asia.org/protection-plan-for-human-rights-defenders-at-risk/)
- چەكلىمىسىز ئەركىن ئاخبارات: مۇخبىرلارنىڭ جاۋابى (https://www.freepressunlimited.org/en/projects/reporters-respond-emergency-funding-for-the-media )
- ئەركىنلىك ئۆيى: ھاياتى قىيىنچىلىققا قالغان پۇقراۋىي تەشكىلاتلار ياردەم فوندى (https://www.csolifeline.org/emergency-assistance)
- ئالدىنقى سەپ قوغدىغۇچىلار بىخەتەرلىك ياردەم پۇلى (https://www.frontlinedefenders.org/en/programme/protection-grants)
- يەر شارى كىشىلىك ھوقۇق فوندى (https://globalhumanrights.org/who-we-are/our-approach/)
- تاشقى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى تەتقىقات ئورنى: ئېلىزابېت سېلبېر تەشەببۇسى (https://www.ifa.de/en/funding/elisabeth-selbert-initiative/)
- خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق فېدېراتسىيەسى: خەتەر ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش (https://www.fidh.org/en/issues/human-rights-defenders/financial-support/grant-application-for-human-rights-defenders-at-risk)
- خەلقئارا مۇخبىرلار بىرلەشمىسى: بىخەتەرلىك فوندى (https://www.ifj.org/safety-fund)
- خەلقئارالىق لېسبىئان، ھەمجىنسلار، ئىككى جىنسلىقلار، جىنسى ئۆزگەرتكۈچىلەر ۋە ئارىلاش-جىنس جەمئىيىتى (ILGA) (https://ilga.org/)
- خەلقئارا تاراتقۇلارنى قوللاش: بىخەتەرلىك فوندى (https://www.mediasupport.org/about/safety-fund/)
- خەلقئارا ئاياللار ئاخبارات فوندى: جىددىي قۇتقۇزۇش فوندى (https://www.iwmf.org/programs/emergency-fund/)

- مۇخبىرلار ئۆيى (http://www.maisondesjournalistes.org/about-la-maison-des-journalistes/)
- مادرې: ئىئانىسى (https://www.madre.org/about/our-approach/)
- ئوچۇق ئىنتېرناتسىئونال (https://outrightinternational.org/)
- پانئافرىقا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى تورى: مەركىزى شەھەرلەر (https://africandefenders.org/what-we-do/hub-cities/)
- ProtectDefenders.eu: قوغدىغۇچىلارنى قوللاش: (https://protectdefenders.eu/protecting-defenders/)
- چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى: ياردەم ئۇستىلى (https://rsf.org/en/individual-support)
- Rory Peck Trust: روي پېك تراستى (قوللاش ياردەم پۇلى) (/https://rorypecktrust.org/how-we-help/financial-support)
- ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت فوندى (https://urgentactionfund.org/our-grants/)

© رەسىم: ISHR



International Service for Human Rights

بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز ياكى بۇ نەشردىكى مەسىلىلەر ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن تور بېكىتىمىزنى تۆۋەندىكى تور ئادرېسى بىلەن زىيارەت قىلىڭ: **www.ishr.ch** ياكى بىز بىلەن تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ: **information@ishr.ch**

@ishr.ch

International Service for Human Rights

@ISHRglobal

@ISHRGlobal

@ISHRGlobal

@ISHRGlobal


**جەنۋە ئىشخانىسى**
Rue de Varembé 1, 5th floor, P.O. Box 16,
CH-1211 Geneva 20 CIC, Switzerland

**نيۇ-يورك ئىشخانىسى**
777 UN Plaza, 7th floor, New York,
NY 10017, USA